# ئۇيغۇر

# خلق چۆچەكلرى

7

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## (7)

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئېزىز ساۋۇت
نۇردۇن مۇسا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

جۇدالىق ۋە خوشاللىق ........................................ 1
ئاتا ۋەسىيىتى ........................................ 16
مەھمۇت بىلەن مەلىكە مەھلىقا ........................................ 28
قىز كىمگە تەئەللۇق؟ ........................................ 46
ئەقىللىق قىز ........................................ 51
لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھىتى ........................................ 54
پادىشا بىلەن ئوتۇنچى ........................................ 59
تېجەشلىك بالا ........................................ 63
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار ........................................ 67
شەبنەم كۆزلۈك ئۆزۈك ........................................ 71
ئىككى بېخىل ........................................ 74
ھاماقەتنىڭ خىيالى ........................................ 77
ئۈچ ھورۇن ........................................ 79
كەنجى باتۇر ........................................ 81
قالغاچنىڭ دانالىقى ........................................ 93
پاراسەتلىك كىشى ........................................ 95
قېرىنداشلىق ئۆلگىسى ........................................ 97
دانىشمەن بىلەن نادان ........................................ 99
نىمە بولسا بولسۇن ........................................ 102
ئەقىللىق بالا ........................................ 105
سۇپەرىسى دىلئارام ........................................ 106
ۋاپاغا ۋاپا ........................................ 116
ئىككى كۆزلۈك بىلەن بىر كۆزلۈك ........................................ 121

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


| | |
|---|---|
| ھېكمەتلىك سۆز | 124 |
| كەنجى قالغاچنىڭ ئاقىۋىتى | 126 |
| قىممەتلىك سوغا | 128 |
| شاتۇتىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى | 130 |
| سەركە سازەندە | 139 |
| ئۈچ ئالتۇن قوچاق | 143 |
| ھىلىگەر تۈلكىنىڭ ئاشكارىلىنىشى | 145 |
| زىرەك يىگىت ۋە زالىم پادىشا | 148 |
| ئۆمۈر توغرىسىدا | 153 |
| مايمۇنلار ۋە ئېيىقلار | 158 |
| مەلىكە گۈلرۇز | 166 |
| تەدبىرلىك پاقا | 175 |
| بۆرە بىلەن تۈلكە | 177 |
| شەپقەتلىك پادىشا | 179 |
| لوقماننىڭ ۋەسىيىتى | 188 |
| ئاقىۋەت | 191 |
| پادىشا بىلەن مالچى | 199 |
| باتۇر يىگىت | 206 |
| گۈلى رەنا | 211 |
| پولات بىسلىق خەنجەر | 215 |
| ئىككىدىن تۇخۇم | 220 |
| ساۋۇت بىلەن ساھىپجامال | 222 |
| ئوۋچى ۋە ئۇنىڭ بالىسى | 226 |
| باي ۋە مالچى | 228 |
| باۋۇدۇننىڭ يول مېڭىشى | 231 |
| خاسىيەتلىك بۇلاق | 233 |
| قىلن بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن | 246 |

# جۇدالىق ۋە خوشاللىق

بۇرۇن مەلۇم بىر شەھەردە ناھايىتى پۇلپەرەس، بېخىل بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. پادىشانىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئەرگە بەرمەپتۇ. چۈنكى پادىشانىڭ كىمەركى ھەر بىرى يەتتە ئىقلىمنىڭ باھاسىغا تەڭ تۇرغىدەك، داغسىز، كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتالايدىغان بەش دانە گۆھەر بەرسە قىزىمنى شۇ كىشىگە بېرىمەن، دېگەن شەرتى بار ئىكەن. بۇ شەرتنى ئورۇنلايدىغان ھىچكىم چىقماپتۇ. قىزنىڭ ئۆمرى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ياشلىق باھارىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىغا ئىچى پۇشقان قىز بىر كۈنى، چاھار باققا چىقىپ، قىزلارنىڭ بېرىشى مەنئى قىلىنغان، كوچا تەرەپكە يېقىن بىر راۋاققا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىپتۇ.

شۇ ئارىدا سودىگەرچە كىيىنگەن بىر ياش يىگىت قارا ئارغىماققا مىنىپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ راۋاققا قاراپ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ تازا ۋە تولغان گۈزەل ھۆسنىگە مەھلىيا بولۇپتۇ - دە، قىزغا سالام بېرىپ تۇرۇپ:

— ئى گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ لالىسى، دۇرلارنىڭ دۇردانىسى، قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ نەسىۋىڭىز كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ قىز يىگىتنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى ۋە خۇش پېئىل ئەخلاقىغا زوقلىنىپ. — مۇشۇ شەھەرنىڭ پادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاسىنىڭ يىگانە، بەختسىز قىزى بولىمەن. ئۆزىڭىزدىن ئەھۋال ئۇقساق؟

يەگىت، ئۆزىنىڭ سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئىككىيلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپتۇ. بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپتۇ. ئاخىرىدا ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا ۋەدە قىلىشىپتۇ. يىگىت شاھنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ ۋە پۈتۈن بىساتىدىكى پۇل، ماللىرىنى خەجلەپ، شەرتكە توغرا كېلىدىغان گۆھەردىن بەشنى تېپىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھ ۋەدە بويىچە توي قىلىپ، قىزنى سودىگەر يىگىتكە نىكالاپ بېرىپتۇ. سودىگەر مەلىكە بىلەن بىر يىل بىللە تۇرغاندىن كېيىن يەنە سودىگەرلىك ئىشى بىلەن ئۆزگە ئەللەرگە ئۇزاق سەپەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

مەلىكىنىڭ بويىدا قالغان ئىكەن. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇكى، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار ئىكەن. مەلىكە بالىنى ناھايىتىمۇ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىپتۇ. ئوغۇل ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. ناھايىتىمۇ ئەقىللىق ۋە باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئىلىم - ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگەللەپتۇ. ئانغىچە مەلىكىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شەھەرگە يېڭىدىن بىرى شاھ بولۇپتۇ. بۇ شاھ شەھۋەتپەرەس ئىكەن. كىمنىڭ چىرايلىق خوتۇن، قىزلىرى بولسا شۇنىڭغا كۆز سالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ساراي بېغىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، «ئاھ!» دەپ ھوشىدىن كېتىپ، يىقىلىپ قاپتۇ. ھوشىغا كېلىپ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ياساۋۇللاردىن سوراشتۇرۇپ، مەلىكىنىڭ كىملىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئەتىسىگىلا ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ نىكالىنىش تەلىۋىنى قويۇپتۇ.

مەلىكە سەپەرگە چىقىپ كەتكەن سودىگەر ئېرىگە تولىمۇ ئامراق ۋە سادىق ئىكەن. ئۇنى كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ

كېلىشىنى كۈتىدىكەن. مەلىكە شاھنىڭ تەلەۋىنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولغان ھالدا يىغلاپتۇ. ئىلاج قانچە؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، شاھنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان تەلۋە ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپتۇ. ئاخىرى قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. «قىرىق كۈنگىچە ئېرىم كېلىپ قالار» دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە ئۈمىت بىلەن. شاھ رازى بوپتۇ. قىرىق كۈن توشقاندا شاھ يەنە ئادەملىرىنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ ئېرىگە بولغان مېھرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىكەن: «سەندەك شەھۋانە، نومۇسسىز شاھقا خوتۇن بولغىچە، سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ - دە، تام - تورۇس، پۇل - ماللىرىنى تاشلاپ، بالىسىنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا سەرگەردان بولۇپ قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشا ئەتىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئىزلىتىپ باققان بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

مەلىكە ئوغلىنى ئېلىپ چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، قوساق ئاچسا گىيانىڭ يىلتىزىنى يەپ، ئۇسساپ كەتسە يامغۇر سۇلىرىنى ئىچىپ سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. بىر كۈنى بىر جەزىرە - قۇملۇققا دۇچ كەپتۇ. قارىسا قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خۇش ھاۋالىق چىمەنزار نامايەن بوپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا ئالتۇندىن سېپىلى بار شەھەر ئايلىنىپ تۇرغىدەك. مەلىكە ۋە ئوغلى شەھەر ئىچىگە كىرىشنىڭ ھېچ ئېپىنى تاپالماپتۇ. ھېرىپ، سېپىل تۈۋىدىن ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ. بۇ سۇ سېپىلنىڭ ئىچىدىن چىقىدىكەن. ئوغۇل سۇ ئىچەي دەپ قول تىقىشىغا، تۇخۇم چوڭلۇقىدا بىر تاش قولىغا چىقىپتۇ. تاش تولىمۇ چىرايلىق، داغسىز ۋە يالتىراپ تۇرىدىكەن. ئوغۇل تاشنى قوينىغا سېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. لېكىن تاشنىڭ ۋەقەسىنى ئېيتماپتۇ. بۇلار يەنە سەپىرىنى داۋام قىلىپ باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بالا ئانىسىنى شەھەر چېتىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزى شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاچ، ئانىسىغا يەمەكلىك ئالغىلى شەھەرگە كىرىپتۇ. بۇ شەھەر يىگىت تۇغۇلغان شەھەردىنمۇ چوڭ ۋە بەك كاتتا ئىكەن. يىگىت رەستىلەرنى ئارىلاپ بىر سودىگەرنىڭ دۇكىنى ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئادەملەر دۇكان ئالدىغا ئولاشقان ۋە بىر نەرسىنى تاماشا قىلىپ قاراشماقتا ئىكەن. دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر ئالتۇن قەپەز ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇددى ئۆزى سۇدىن سۈزۈۋالغان تاشقا ئوخشايدىغان، لېكىن خىرە ھەم كىچىك، بىر يېقىغا دەز كەتكەنلىكتىن ئالتۇن بىلەن چەمبەرلەنگەن بىر تاش تۇرغىدەك. كىشىلەر ئەنە شۇ تاشنى تاماشا قىلىشىپ تۇرغان ئىكەن. يىگىت «قەپەزدىكى تاش مېنىڭ تېشىمغا ئوخشامدۇ ـ ئوخشىمامدۇ؟» دەپ بىر قەپەزگە، بىر قوينىغا قاراپتۇ.

خېرىدارلارنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان سودىگەر بۇ يوچۇن ياش بالىنىڭ بىر قەپەزگە، بىر قوينىغا قاراپ بىر نىمىلەر دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھەي بالا! سەن نىمە قىلىۋاتىسەن؟ مېنىڭ گۆھىرىمنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئۆزەڭگە چاقىرىۋاتامسەن؟ ئەگەر شۇ نىيەتتە بولساڭ جازايىڭنى تارتىسەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— نىمە؟ — دەپتۇ بالىمۇ قىلچە ئەيمەنمەي، — سىلىدە بار تاش، مەندە يوقمىكەن؟ مانا! — دەپ قوينىدىكى تاشنى شۇنداق ئاپتىكەن، ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. جامائەتمۇ بۇ ئىشقا ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

سودىگەر قارىغىدەك بولسا. بالىنىڭ قولىدىكى تاش ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل ۋە ساپ بىر گۆھەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا يەتتە ئىقلىمنىڭ باھاسىمۇ ئازلىق قىلىدىكەن. ئۆزىنىڭ ياماق چۈشكەن گۆھىرى بالىنىڭ گۆھىرى ئالدىدا ياماقىسىمۇ ئەرزىمەيدىكەن. ناھايىتىمۇ ھودۇقۇپ كەتكەن سودىگەر بالىنى دەرھال دۇكانغا

تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە خىزمەتكارلىرىنى بۇيرۇپ چاي، مەۋە كەل-تۈرۈپتۇ. سودىگەرنىڭ مۇنچىلا پاي - پىتەك بولۇپ كېتىشىدىن بالىنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ سودىگەر بالىغا ھۆرمەت بىلەن تەكەل-لۇپ قىلىپ، — ھىلىقى گۆھەرلىرىڭىزنى ساتامسىز؟

يىگىت «بۇ كىشى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ - قانداق» دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن «بوپتىلا، ساتىمەن دەپ باقمايمەنمۇ. راستىنلا سېتىۋالسا ياخشى، ئانامنى باقارمەن» دىگەن قارارغا كەپتۇ - دە:

— ساتسام ساتاي، — دەپتۇ.

— قانچىگە ساتارسىز؟

— ئىنساپ قىلىپ بەرسىلە.

سودىگەر: «گۆدەك بالىكەن، ئەرزانىراق ئالارمەن» دەپ ئويلىغان ئىكەن. شۇڭا بالىنىڭ ئالدىغا تىللا تولدۇرۇلغان يوغان سەككىز ساندۇقنى قويۇپتۇ ۋە:

— بولارمۇ ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت كۆڭلىدە «بىر قوتۇر تاشقا مۇنچىۋالا تىللا قويغىنىنى قارىمامدىغان. سودىگەر مېنى ئويىنىتىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— مېنى مەسخىرە قىلمىسىلا! — دەپتۇ.

— يوقسۇ، ئوغلۇم، ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغىلى بولامدى-غان! — دەپتۇ سودىگەر ۋە بالىنى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، چاكارلىرىغا ۋاقىراپتۇ. چاكارلار يەنە ساندۇقلاپ تىللا ئېلىپ كەپتۇ. بالا يەنىلا: «مېنى مەسخىرە قىلمىسىلا» دەپتۇ. بۇ ئەھۋال بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاخىرى سودىگەر باي:

— ئەمىسە، مەن بىر جۈپ ئات بىلەن خوتۇن - بالىلىرىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە قەپەزدىكى گۆھىرىمنى ئېلىپ، يېڭىدىن يېپ سۇغۇرغاندەكلا چىقىپ كېتىمەن. قالغان ئۆي - ۋاق، دۇكان، پۇل - دۇنيا ... ھەممىسى سىلىگىلا قالىدۇ. رازى بولامىلا؟ — دەپتۇ.

تېخىمۇ ھەيران بولغان بالا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاخىرى: «بىر ماقۇل دەپ باقمايمەنمۇ، راستىنلا دىگىنىدەك بولسا خۇدانىڭ بىزگە بەرگىنى، چاخچىقى بولسا، جايىدا قالار» دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— خەير، ماقۇلە، بەرسەم بېرەي، — دەپتۇ.

سودىگەر خوشال بولۇپ، ھېلىقى توختام بويىچە بارلىق مال - مۈلكىنى خەت - مۆھۈرلەپ بالىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ - دە، ئۆزى بىر جۈپ گۆھەرنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بالا ئانىسىنى ئەپكەلدۈرۈپتۇ. خىزمەتكارلار بۇ يېڭى خوجا- يىننى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ ھال - ئوقىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىت يوشۇرۇنچە ھېلىقى چۆكىلەپ تۇرىدىغان ئالتۇن سېپىللىق تىلىس- ماتقا بېرىپ، گۆھەر ئېلىپ كېلىدىكەن.

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى تەلۋە، ئاچكۆز، زالىم ئىكەن. بىر كۈنىسى ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، بىر جەزىرىدە ئالتۇن سېپىللىق بىر قەلئە - شەھەرنى كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق بولۇپ ئۇنىڭدىن گۆھەر قايناپ چىققۇدەكمىش. شاھ گۆھەرنى سۈزۈپ ئالىمەن دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئوردىدىكىلەرنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن:

— سىلەر شۇ بۇلاقنى تېپىپ مىڭ دانە گۆھەر كەلتۈرمەيدىغان بولساڭلار ھەممەڭلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالىمەن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئوردىدا بىكار يېتىپ يەپ ھورۇنلى
شىپ كەتكەن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. دەرھال
ئادەم ۋە قوشۇن چىقىرىپ تەرەپ - تەرەپنى ئاختۇرۇشۇپتۇ،
ئاخىرى ھىلىقى جەزىرىدىكى قەلئەنى تېپىپتۇ. بۇ قەلئە ئەسلىدە
بىر دىۋىنىڭ ماكانى ئىكەن. شۇ ئارىدا دىۋە كېلىپ قاپتۇ ۋە
قورالانغان، يوچۇن ئادەملەرنىڭ قەلئەنى قورشاپ تۇرغانلىغىنى
كۆرۈپ غەزەپكە كەپتۇ - دە، قاتتىق ۋاقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ
ئاۋازىنىڭ ھەيۋىتىدىن ئاسمان - زېمىن، تاغۇ - تاشلار لەرزىگە
كەپتۇ. گۆھەر ئىزلەپ كەلگەنلەردىن نەچچىسى يۈرىكى يېرىلىپ
ئۆلۈپتۇ. ئىگىسىز قالغان ئات - ئۇلاقلار تەرەپ - تەرەپكە
پىترلاپ قېچىپ كېتىشىپتۇ. قالغانلىرىنى دىۋە سۇر - توقاي
قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاران ئەللىك - ئاتمىشچە ئادەم قېچىپ قۇتۇلۇپ
تۇ. لېكىن شاھنىڭ ئالدىغا كىرىشكە پېتىنالماپتۇ. ئارىسىدىن بىرى:
— شەھىرىمىزگە يېقىندىن پەيدا بولغان ھىلىقى ياش گۆھەر
پۈرۈچنى تاپمايمىزمۇ؟ ئۇنىڭدا گۆھەر ئۈزۈلمەيدىكەن. پات - پات
بىر ياقلارغا يوقاپ كېتىپ يەنە پەيدا بولۇپ قالغۇدەك، ئاشۇ
ياش گۆھەرپۈرۈچ ئىشنىڭ يولىنى بىلىسە كېرەك، — دەپتۇ.
ھەممىسى بۇ گەپنى ماقۇل كۆرۈشۈپ، ئاشۇ ياش گۆھەر
پۈرۈچ يىگىتنىڭ دۇكىنىغا باستۇرۇپ كەپتۇ ۋە مىڭ دانە گۆھەر
تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ.
يىگىت ئەتىسى يولغا چىقىپ جەزىرىدىكى ئالتۇن سېپىل
تۈۋىگە كەپتۇ. ئېرىققا قارىسا سۈيى توختاپ قالغان ئىكەن. ئۇ
ئۈزۈنغىچە كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، سۇ ئاقماپتۇ. سەۋەبى، دىۋە بۇلاق
نىڭ قەلئە تېشىغا چىقىدىغان يولىنى توسۇپ قويغان ئىكەن.
يىگىت قەلئەگە كىرىشنىڭ يولىنى ئىزلەپ تۇرغىنىدا ئايلىنىپ
تۇرغان قەلئە تۇيۇقسىزلا توختاپتۇ. چۈنكى قەلئەدىكى دىۋە
قىرىق كۈن ئۇۋغا بېرىپ، يەنە قىرىق كۈن ئۆيىدە تۇرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۆيىدە تۇرغاندا قەلئە توختايدىكەن. ئۇۋغا ماڭغىنىدا، غەيرىسلەرنىڭ قەلئە ئىچىگە كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن. قەلئەنىڭ يەنە ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىگى بار ئىكەن. مەيلى دىۋە كەلسۇن - كەلمىسۇن، ھەر يۈز كۈندە قەلئە ئۆزىلا ئۈچ كۈن توختاپ دەم ئېلىپ ئاندىن يەنە ئايلىنىۋېرىدىكەن. يىگىت بۇ قېتىم ئەنە شۇ ئۈچ كۈن توختاش ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ كەلگەن ئىكەن.

يىگىت جۇرئەت بىلەن قەلئەگە كىرىپتۇ - دە، ھەيران قاپتۇ. چۈنكى قەلئەنىڭ ئىچى شۇنداق كەڭرى ۋە باغۇ - بوستانلىق ئىكەنكى، دەل - دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئالتۇن، ياپراقلىرى زەبەرجەد (يالتىراق تاشلىق)، مىۋىلىرى ياقۇتتىن ئىكەن. سۇ ئورنىدا ھەسەل ئاقىدىكەن. ئۆي - ئىمارەتلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بولۇپ، تولىمۇ گۈزەل ئىكەن ۋە رەڭمۇ - رەڭ چاقناپ تۇرىدىكەن. باغلار ئارىلاپ بۇلبۇلگويالار خۇش ئاۋاز بىلەن سايرىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ قۇشلارنىڭمۇ پەيلىرى زەر - ئالتۇندىن، تاجلىرى ياقۇتتىن، تۇمشۇقلىرى زۇمرەتتىن ئىكەن. يىگىت بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يەنە بىر چوڭ باققا كىرىپتۇ. باغنىڭ گۈزەللىكى جاھاندا تەڭداشسىز ئىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بولۇپ، ھەممە يېرى لەئىل - ياقۇت ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان ئىكەن. لېكىن شۇنچىلىك چوڭ باغ ۋە قەسىر ئىچىدە بىرمۇ تىرىك جان كۆرۈنمەپتۇ. يىگىت راۋاق تۈۋىگە كېلىپ قارىسا بىر بۇلاق قايناپ تۇرارمىش. ئۇنىڭدىن سان - ساناقسىز گۆھەرلەر ئېتىلىپ چىقىپ، ئېقىم بويىلاپ ھەر تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارارمىش. يىگىت خۇشاللىقىدا، بۇلاقتىن گۆھەر سۈزۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا:

— ھەي ئادىمىزات، بۇ قەلئەگە كىرىشكە ۋە گۆھەرلەرنى سۈزۈشكە قانداق جۇرئەت قىلدىڭ؟! — دىگەن ناھايىتى ساپ

ۋە يېقىملىق، مۇلايىم بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ، چۆچۈگەن ھالدا بېشىنى كۆتىرىپ قاراپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى ئالدىدا، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر نازىنىن گۈزەل قىز كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغۇدەك. يىگىت ئەيمەنگەن ھالدا قولىدىكى گۆھەرلەرنى ياندۇرۇپ بولاقتا تاشلاپتۇ - دە، قىزغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— ئەي قىز، مەن شاھىمىزنىڭ بۇيرۇغى بىلەن كەلدىم، ئۇنىڭغا مىڭ دانە گۆھەر ئاپارمىسام مېنى ئۆلتۈرىدۇ. يالغۇز ئانام بار. باش پاناسىز قالىدۇ، — دەپتۇ يىگىت ۋە بېشىدىن كەچكەن كەچمىشلىرىنى سەممىيەتلىك بىلەن قىزغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قىزنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، گۈزەل يىگىتكە رەھمى كەپتۇ - دە، ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە ئەخلاقى - خۇلقىغا قايىل بولۇپ ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. ئۇ:

— يىگىت، سەن ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىشقا يول تۇتۇپسەن. مەن سېنىڭ ياش جېنىڭغا ئىچىنىمەن. بۇ بىر ياۋۇز دىۋىنىڭ ماكانى. ئۇ دىۋە شۇنداق يوغانكى، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئادەملەر يىغىلسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەم ئۇ ئۆلمەيدۇ. مەنمۇ بىر ئەلنىڭ پادىشاسىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدىم. ياۋۇز دىۋە مېنى ئون يىل ئىلگىرى ئون ئىككى ياش چېغىمدا باغدا ئۇخلاۋاتقان يېرىمدىن ئېلىپ قېچىپ مۇشۇ يەرگە بەنت قىلدى. ئۇ ماڭا ئاشىق، لېكىن مەن ئۇنىڭ بېشىدىكى بىر تال چېچىدەكمۇ كەلمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ ھۆسنۈمنى كۆرگىنىگە خۇش بولۇپ ياشايدۇ. مېنىڭسىز ئۇ ياشىيالمايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئادىمىزات نەسلىدىن پەقەت سېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم. ئاتا - ئانامنى تولىمۇ سېغىندىم. لېكىن بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم. سەن بۇدا گۆھەرلەردىن كۆپلەپ ئېلىۋالغىن - دە، قايتا كەلمە! دىۋە ھالاك قىلىدۇ! — دەپتۇ -

قوي! سەن سىرتقا كەتكەندە يالغۇز قېلىپ قورقىمەن. ساڭا خەۋپ يېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا بىلگۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ قىز.

دىۋە بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، قىزنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن:

— خەير. ئۆزەڭگىمۇ - ماڭىمۇ قىلىدىك. ئاڭلا! بۇندىن يىراقتىكى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا بىر توپ چىنار بار. چىنارنىڭ ئۈچىغا بىر ئالتۇن قەپەز ئېسىلغان، ئالتۇن قەپەزدە بىر ئەينەك كۆمزەك. كۆمزەكنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بېلىق بار. مېنىڭ جېنىم شۇ ئالتۇن بېلىق. بېلىق ئۆلسە مەنمۇ ئۆلىمەن. لېكىن بۇنى ھېچكىم ئالالمايدۇ. پەخەس بول! بۇ سىر ھېچقانداق جايدا ۋە ھېچكىمگە بىلىنىپ قالمىسۇن، — دەپتۇ. ئۇ قىزنىڭ قېشىدا قىرىق كۈن تۇرۇپ يەنە سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە يىگىت ھېلىقى كۆل ئۈچۈن كەپتۇ. قەلئەنىڭمۇ توختاش ۋاقتى ئىكەن. يىگىت قەلئەگە كىرىپ قىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كېلىشىدىكى يىگى مەقسەتلىرىنى قىزغا سۆزلەپتۇ.

— بۇ كۆل، — دەپتۇ قىز، — مۇشۇ باغدا بار. لېكىن كۆلنى يۇرىغان ئادەم دەرھال ئۆلىدۇ. سەن ئۇنى شاھقا ئاپارغىچە ھەرگىز يۇراپ سالما. شاھمۇ يۇرىمىسۇن.

— قىز يەنە يىگىتكە دىۋىنىڭ جېنى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئالدى بىلەن، — دەپتۇ يىگىت، — دىۋىنى يوقىتىپ ئاندىن كۆلنى ۋە سىنى ئېلىپ بۇ جايدىن يىراقلا كېتەي، بىز ئادەملەرچە ياشايلى، ئاتا - ئاناڭنى كۆرۈۋالغىن!

يىگىت ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى ھېلىقى دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. دەريا تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىكەن. يىگىت ياغاچلارنى چېتىپ سال ياساپ ئارالغا ئۆتۈپتۇ. چىنار تۈۋىگە كېلىپ،

قەپەزگە قارىتىپ ئوق-يارىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق قەپەزنىڭ بىغىغا تېگىپتۇ-دە، ئۈزۈلۈپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئاڭغىچە ھاۋا ئۆزگىرىپ، بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى دېۋە بۇ ئىشنى تۇيۇپ قېلىپ شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان ئىكەن. يىگىت دەرھال قەپەزنى چېقىپ، ئەينەك كۆمزەكنى قولىغا ئاپتۇ. ئانغىچە دېۋە دەريادىن ئۆتۈپ يېقىنلاپ قاپتۇ. دېۋىنىڭ:

— ھەي ئادىمىزات، قولۇڭنى تارت! — دېگەن ھەيۋەتلىك ئاۋازى ئالەم-جاھاننى لەرزىگە ساپتۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار قاراسلاپ چېقىلىپتۇ. يىگىت دېۋىنىڭ ھەيۋىسىدىن قىلچىلىكمۇ قورقماپتۇ-دە، بېلىقنى تاش بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى ۋە چاقماقلارنىڭ قاراسلىشىغا بىرلىشىپ دېۋىنىڭ نالە-پەريادى ئاڭلىنىپتۇ. قاتتىق بوراندىن كېيىن، شىددەتلىك يامغۇر قۇيۇۋېتىپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈزگىچە ئاسمىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بوران توختاپتۇ. بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا سۈزۈلۈپتۇ، قۇياش پارقىراپ چىقىپ، ئەتراپقا نۇر چېچىپتۇ. جاھان ئەسلىدىكى گۈزەللىكىگە قايتىپتۇ. يىگىت قارىسا ئۆزى مىڭ قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن دەريامۇ يوق ئىمىش. تاغدەك زور، بەت-بەشىرە بىر مەخلۇق سوزۇلۇپ ياتقۇدەكمىش. بۇ ھېلىقى دېۋىنىڭ ئۆلۈكى ئىكەن. يىگىت خوش-خورام ھالدا قىزنىڭ قېشىغا قايتىپتۇ. قىزنى، ھېلىقى گۈلنى، يەنە نۇرغۇن گۆھەرلەرنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ. شاھ خۇشال بولۇپ گۈلنى قولىغا ئاپتۇ. گۈل ھەقىقەتەنمۇ رەڭدار ئىكەن. ئۇ مىڭ ياڭرا جىلۋە بىلەن نۇر چېچىپ قاقاقلاپ كۈلەرمىش. شاھ يىگىتنىڭ «گۈلنى پۇراپ سالماڭ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالماي، ئاچكۆزلۈك ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن گۈلنى پۇرىغان ئىكەن، شۇ ھامان ئۆلۈپ قاپتۇ. شەھەر خەلقى بۇ تەلۋە، زالىم شاھتىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ئاق كۆڭۈل يىگىتنى شەھەرگە پادىشا قىلىۋاپتۇ.

يىگىت شاھ بولغاندىن كېيىن يۇرتنى ناھايىتى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپتۇ. يېتىم - يېسىرنىڭ دادىغا يېتىپتۇ. دىۋىنىڭ ماكانىدىكى گۆھەر - بايلىقلارنى خەلقلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەۋەلىگىدە ياشايدىغان خەلق ئىچىدە بىرمۇ كەمبەغەل ئادەم قالماپتۇ.

ياخشى كۈن، ياخشى سائەتتە ھېلىقى قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن قىزنى ئېلىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى قېيناتىسى بولمىش شاھنىڭ دەرگاھىغا بىر قارغۇ دىۋانە كىرىپ كەپتۇ. شۇ سورۇندا يىگىتنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىكەن. دىۋانىنى كۆرۈپلا «ئاھ!» دەپ ۋاقىراپتۇ - دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ ۋە ئوغلى، كېلىنى، قۇدىلىرىغا، بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشقان شۇ سورۇندىكى پۈتكۈل جامائەتكە دىۋانىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ سودىگەر ئېرى ئىكەنلىكىنى ۋە پۈتۈن ئۆتمۈشىنى ھىكايە قىلىپ بېرىپتۇ.

ھېلىقى «دىۋانە» مۇ يىغلاپ تۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ سودىدىن قايتىپ، ئەسلىدىكى شەھەرگە كېلىپ، خوتۇن - باللىرىنىڭ ياۋۇز پادىشانىڭ زۇلمىغا چىدىماي قېچىپ، سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۆزى تەركى - دۇنيا بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، يۇرتمۇ - يۇرت يىغلاپ يۈرۈپ، كۆزلىرىنىڭ كور-ھەس بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاتا ـ ئانا، بالا، قۇدا ـ بالا تېپىشقانلىقلىرىغا ناھايىتى خوشال بولۇشۇپتۇ. چوڭ توي ـ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ئەل خەلقىنى كۈتۈۋاپتۇ. ئاندىن يىگىت قىيناتا ـ قېينانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئايالىنى ئېلىپ، ئۆزى شاھ بولغان شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، خەلق بىلەن بىرگە بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زورىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاتا ۋەسىيىتى

بۇرۇن بىر ئادىل پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. لېكىن پادىشانىڭ ئالقىش دىگەن زالىم ۋەزىرى بولغان ئىكەن. ئۇ بەك خوشامەتچى ئىكەن. پۇقراغا ھەددى ـ ھىساپسىز زۇلۇم سالىدىكەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئەل ـ يۇرتنى جاھالەتتە قالدۇرۇپتۇ.

بۇ يۇرتتا خوجا بەختى دىگەن بىر بىلىملىك كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىلمىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرۇپ، زالىم قانخوردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلايدىكەن. بىراق كىشىلەرنى ئوقۇتۇپ ئىلىم ـ بىلىملىك قىلىشقا زالىم ۋەزىر يول قويمايدىكەن. خوجا بەختىنى ئۆز پەرزەنتىنىڭ يوقلۇغى تېخىمۇ ئازاپلايدىكەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ زالىم ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ ئىز باسار يېتىشتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، كىتاپلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئازاپ ۋە زۇلۇم كۆچەيگەنسېرى ئالقىشقا بولغان قارشىلىق شۇنچە كۈچىيىپ كېتىپتۇ. خوجا بەختى ھەر دائىم: «بىر پەرزەنتىم بولسا، ئۆزەمنىڭ بىلىملىرىمنى ئۆگىتىپ ئالقىشتىن ئىنتىقام ئېلىشنى ۋەسىيەت قىلسام» دەيدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپتۇ. خوجا بەختى بەك خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا:

ــ خوتۇن، يۇرتىمىزدا ئالقىش دىگەن زالىمنىڭ زۇلمىدىن

مەكتەپلەر تاقىلىپ، مەرىپەت چىرىغى ئۆچتى. ئۆمرۈمنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. قوساقتىكى بالا مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن، يەتتە ياشقا كىرگەن هامان مېنىڭ سودىگەر دوستۇمغا تاپشۇرۇپ، ئۆزگە ئەللەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقىن، ئىلىم هېكمەتلىك ئادەم بولۇپ كېلىپ ئالىقىش ۋەزىردىن ئىنتىقام ئالسا، مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى، — دەپتۇ. ئۇ شۇندىن كېيىن ئالىقىشنىڭ زۇلمىدىن ئازاپ چېكىۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان، بولۇپ ئۆتكەن ۋە بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى مۇتالىئە قىلىپ بىر كىتاب يېزىپ چىقىپتۇ-دە، ئۆينىڭ تورۇسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ئايىلى كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دورا ئالغۇدەك بىر نەرسىسى يوق ئىكەن. خوجا بەختى ئىلاجىسىزلىقتىن ئىش ئىزلەپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. مەدىكار ئالىدىغان مىراقۇلغا ئۆزىنىڭ مەدىكار ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ماڭا ئالىقىش ۋەزىر قىرىق مەدىكار ئېلىپ كەل، دېگەن ئىدى. هازىر بازاردىن قىرىق مەدىكار چىقمايدىكەن، — دەپتۇ مىراقۇل.

— قىرىق مەدىكارنىڭ ئىشىنى ماڭا بەر، ئەگەر مەن قىرىق ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر كۈندە قىلىپ بولالمىسام هەق بەرمە، — دەپتۇ خوجا بەختى.

مىراقۇل خوجا بەختىنى زالىم ۋەزىر ئالىقىشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئالىقىش ۋەزىر تاغدەك بىر دۆۋە قۇمنى كۆرسىتىپ:

— مانا مۇشۇ دۆۋىنى تۈزلەپ قۇرۇلۇش قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇپ بېرەلەمسەن؟ — دەپتۇ.

خوجا بەختى «ئىنشائاللا» دەپتۇ. ئالىقىش كەتمەن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتىكەن. بەش ئادەم بىر كەتمەننى ئىنجىقلىشىپ ئاران ئېلىپ چىقىپتۇ. خوجا بەختى كەتمەننى دەسسەپ كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىنمۇ يوغانراق كەتمەن تەلەپ قىپتۇ. ئالقىش ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق-ئەجدادىدىن قالغان قىرىق پاتمان توپا چىقىدىغان بىر كەتمىنى بار ئىكەن. ئۇنى قىرىق ئادەم كۆتىرەلمەپتۇ. ئاخىرى خوجا بەختىنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. خوجا بەختى كەتمەننى دەس كۆتىرىپ دۆڭنى گۈپۈلدىتىپ چېپىشقا باشلاپتۇ. ئالقىش ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ بۇ كۈچتۈڭگۈرلۈگىگە ھەيران بولۇپ: «مۇشۇنداق بىر باتۇر تۇرغان يەردە مەن ئەجەپ تېچلىق بىلەن شەھەر سوراپتىمەن؟! بۇ قارا باتۇرنى يوقاتمىسام ئاخىرى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدۇ» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ.

خوجا بەختى كۈن قايرىلغىچە بۇ دۆڭنى تۈزلەپ بولۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا كەتمەن جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپتۇ. سىنچىلاپ قارىسا يوغان بىر كۈپتە ئالتۇن-تىللا تۇرغۇدەك. ئاق كۆڭۈل خوجا بەختى سەممىلىك بىلەن: «مەن ئالقىش ۋەزىرگە بىر كۈنلۈك مېھنىتىمنى ساتقان. ماڭا بىر كۈنلۈك مېھنەت ھەققىم ھالال. بۇ ئالتۇن-تىللا پادىشاغا تەئەللۇق، ۋەزىرگە خەۋەر قىلىشىم لازىم» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئالقىش ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر كۈپتىكى ئالتۇن-تىللانى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ: «بۇ ئالتۇن-تىللا پادىشاغا تەئەللۇق، پادىشاغا خەۋەر قىلسام ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. خەۋەر قىلمىسام مانا بۇ مەدىكار پادىشاغا چېقىشتۇرۇپ قويسا، پادىشا مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئالتۇن تىللانىڭ يېرىمىنى بۇ گادايغا بېرەي دىسەم كۆزۈم قىيمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئويلا-ئويلا بىر ھىيلە تېپىپتۇ-دە، خوجا بەختىگە:

— بۇ ئالتۇن-تىللا ماڭا مۇشۇ دۆڭ بىلەن بىللە مىراس قالغان. يەنە مۇشۇ جايغا چوڭقۇر ئورا كولاپ، ئۆز جايىغا كۆمۈۋەت، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خوجا بەختى بىردەمدە چوڭقۇر بىر ئورا كولاپتۇ ۋە ئالقىش

ۋەزىرگە «ئۇرا پۈتتى» دەپ خەۋەر قىپتۇ. قانخور ۋەزىر قولتۇغىغا بىر قىلىچنى تىقىپ چىقىپ، خوجا بەختى ئىگىشىپ كۆپنى جايلاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا كاللىسىنى «شارتتىدە» ئاپتۇ-دە، ئالتۇن-تىللا بىلەن ئۇرىغا كۆمۈپ تاشلاپتۇ. كېيىن ئۈستىگە ئىمارەت سېلىپ، ئەتراپىغا باغ ياسىتىپتۇ...

خوجا بەختىنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى بەختىيار قويۇپتۇ. ئايالىنىڭ قەلبىدە ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى ئوت بولۇپ يانىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ بالا يەتتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئانا خوجا بەختىنىڭ سودىگەر دوستىنى تېپىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بالىسى بەختىيارنى ئوقۇتۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. سودىگەرمۇ «ئۆلۈكنىڭ روھى، تىرىكنىڭ يۈزى» دەپ بالىنى ئۆزگە ئەللەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئىلمى ھېكمەتكە كامىل قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئانىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئانا ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋال سورىشىپ، دادىسى خوجا بەختىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە كىتاب بار جاينى كۆرسىتىپتۇ.

بەختىيار شوتا قويۇپ ئۆينىڭ تورۇسىدىن كىتاپنى ئالاي دەپ قارىسا، يوغان بىر ئاق يىلان توقۇچاق بولۇپ يېتىپتۇ. بەختىيار قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «ئەي يىلان، بېشىڭنى كۆتەر. ئۆز ئامانىتىمنى قولۇمغا بەر!» دەپ ۋاقىراپتۇ. يىلان بېشىنى كۆتىرىپ ئۆينىڭ تورۇسىغا يامىشىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

بەختىيار دادىسىدىن قالغان كىتاپنى قىرىق كۈنگېچە بېشىنى كۆتەرمەي ئوقۇپتۇ. ئۇ كىتاپتىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئوقۇغاندا ئازاپقا چىداپ تۇرالماي يىغلاپ كېتىپتۇ. دادىسىنىڭ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغان ۋە دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىلغان، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان يەرلىرىنى ئوقۇغاندا خوشاللىقىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى بۇ كىتاپتىن پادىشانىڭ قاساپلىق دۇكىنىنى باشقۇرىدىغان خوجايىنىنىڭ بىر چارۋىچىدىن يۈز قوي ئېلىپ چارۋىچىنى ئۆلتۈرۈپ تامنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەنلىكى چىقىپتۇ. بەختىيار دەرھاللا بىر كونا داستىخاننى كۆتىرىپ گۆش دۇكىنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى جىق گۆش ئېلىپ كۆتىرىپ مېڭىپتۇ. قاساپ:

— پۇلنى تۆلەپ ماڭ! — دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ.

— پۇلنى كېيىن خوجايىنىغا بېرىمەن، — دەپتۇ بەختىيار. قاساپ يۈگۈرۈپ كىرىپ خوجايىنىغا خەۋەر قىپتۇ. خوجايىن غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ:

— پۇل بەرمەي گۆش ئالىدىغان قايسى پادىشانىڭ شاھزا-دىسى ئىدىڭ؟ — دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ. بەختىيار تەمكىنلىك بىلەن:

— ھەي مىنىمۇ يۈز قوي ساتقان چارۋىچىغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈپ تام تۈۋىگە كۆممەكچىمۇ؟ ھەددىڭ ئەمەس! — دەپ يېنىپتۇ. خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ:

— بالام، بۇ گەپنى ئاغزىڭدىن چىقارما. قانچىلىك گۆش بولسا ئال، — دەپتۇ-دە، بىر ئادەمگە بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتەرگۈزۈپتۇ ۋە كۈندە بىر قوينىڭ گۆشىنى پۇلسىز ئاپىرىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى كىتاپتىن ئالقىش ۋەزىرىنىڭ ناۋايخانىسىغا خوجايىنلىق قىلىدىغان خوجايىنىنىڭ بىر ئاشلىق سودىگىرىدىن سەكسەن تاغار ئۇن ئېلىپ، سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ تونۇرنىڭ تۈۋىگە كۆمگەنلىكى چىقىپتۇ. بەختىيار دەرھال بىر داستىخان ئېلىپ ناۋايخانىغا بېرىپتۇ-دە، ناۋايدىن ئوتتۇز نان ئېلىپ «پۇلنى كېيىن بېرىمەن» دەپ كۆتىرىپ مېڭىپتۇ. ناۋاي:

— پۇلنى نەق بەر! — دەپتۇ. بەختىيار ئۇنىڭغا:

— خوجايىنىڭنى چاقىرىپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ. تېخى

مۇشۇ ۋاقىتقىچە ناننى نىسكە ئالغان، يەنە كېلىپ تاكاللاشقان ئادەمنى كۆرمىگەن خوجايىن غەزەپلىنىپ، يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ-دە:
— ھوي ھارامزادە قەلەندەر، نىسكە نان ئالمەن دەپ يوغانلىق قىلىدىغان نىمە ھەددىڭ؟! — دەپ ۋاقىراپتۇ.
— بوشراق ۋاقىرىغىن! ئاشلىق سودىگىرىنىڭغۇ ئۆلتۈرۈپ تونۇرنىڭ يېنىغا كۆمدۈڭ، مېنىمۇ ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ ھەددىڭ ئەمەس! — دەپ يېنىپتۇ بەختىيار.
خوجايىننى قورقۇنچ بېسىپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ.
— بالام، بۇ گەپنى باشقا بىرەر كىشىگە دىمەڭ، ئائىلىمىزنىڭ كۈندىلىك يەيدىغان نېنى مۇشۇ ئاشخانىدىن بولسۇن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ خوجايىن. ئۇ يەنە بىر ئادەمگە ئەللىك نان كۆتەرگۈزۈپ، ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ كۈندە نان ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ بەختىيارنىڭ ئۆيىگە پادىشانىڭ قاسساپلىق دۇكىنىدىن گۆش، ۋەزىرنىڭ ناۋايخانىسىدىن نان كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار گۆش-ناننى خولۇم-خوشنىلىرىغا تارقىتىپ بېرىدىكەن.
بەختىيار دائىم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ ئالقىش ۋەزىردىن ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى ئىزلەيدىكەن. بىر كۈنى بەختىيار قارىسا ئالقىش ۋەزىر يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىدىكى راۋاقتا باققا قاراپ كۆككۈل ئېچىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بەختىيار «ئەمدى پۇرسەت كەلدى» دەپتۇ-دە، ئاستا بېرىپ، سوكگۈچىتىن باققا كىرىپتۇ ۋە باغنىڭ بۇلۇڭىدا باغلاقلىق تۇرغان قوينى يېشىپ، قويۇپ بېرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر راۋاقتا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆرۈپتۇ ۋە «قېنى، ئاقىۋەتتە نىمە ئىشلارنى قىلاركىن» دەپ كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى قوي بىر ئۇ گۈلنى، بىر بۇ گۈلنى چىشلەپ، گۈلزارنى چەيلەپتۇ. باغۋەن يېگىت قوينى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بەختىيار باغنىڭ بۇلۇڭىدىن چىقىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ۋاي ئەخمەق، قوينى ئۇرما، ھىلى بىكار ئۈچ جانغا زامىن بولىسەن، — دەپتۇ. باغۋەننىڭ ئاچچىقى كىلىپ:

— قايسى ئۈچ جانكەن ئۇ؟ قوي بىر ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھوي ئەخمەق، قوي بىر بولغان بىلەن قوسىقىدا ئىككى قوزىسى بار، — دەپتۇ بەختىيار.

— سەن نىمە بىلىسەن؟

— مەن ئىككى قوزىنىڭ بارلىقىنىمۇ، ئۇلارنىڭ رەڭگى-روينىمۇ بىلىمەن.

ئىككىسى تاكاللىشىپ تۇرغاندا، ئالقىش ۋەزىر باغۋەننى چاقىرىپ ئەھۋالنى سوراپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر بەختىيارنى راۋاق ئۈستىگە ئىلىپ چىقىپ، قوزىلارنىڭ رەڭگىنى سوراپتۇ.

— قوزىلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى. ئەركەكنىڭ قوسىقىدا قارىسى بار. چىشىنىڭ پىشانىسىدا، قاشقىسى بار، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ بەختىيار. ئالقىش ۋەزىر بەختىيارغا:

— ئەگەر قوزىلار سىنىڭ دىگىنىڭدەك چىقسا ۋەزىرلىكىمنى ساڭا بىرىمەن، ئەگەر ئۇنداق چىقمىسا قوينىڭ ئەنتى ئۈچۈن سىنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ. بەختىيار ماقۇل بوپتۇ. باغۋەن قوينى بوغۇزلاپ، قوسىقىنى يىرىپلا ئىككى قوزىنى ئاپتۇ. قوزىلار خۇددى بەختىيار دىگەندەك چىقىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر: «بۇ مىنىڭ جىنىمغا بالا بولغۇدەك» دەپ قورقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ باغۋەنگە: «بۇ قەلەندەرنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئىلىپ كەل، ئەگەر ئەمرىمنى دەرھال بىجا كەلتۈرمىسەڭ سىنىڭ يۈرىكىڭنى يەيمەن» دەپتۇ. باغۋەن توققۇز قىتىم تازىم قىلىپ چىقىپ، بەختىيارنى باغلاپ باغنىڭ بۇلۇڭىغا ئىلىپ بىرىپ، پىچاقنى كانىيىغا تەڭلەپتۇ.

— ئەي ئەخمەق، نىمىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەختىيار.

— ۋەزىرنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن، سېنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىڭنى ئۇنىڭغا كاۋاپ قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ باغۋەن.

— ئەخمەق، سەن ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئاشىق. ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتتى. ئەمما، مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ يوق. مېنى ئۆلتۈرسەڭ مۇرادىڭغا تېخىمۇ يېتەلمەيسەن. مېنى قويۇپ بەرسەڭ قىرىق كۈندە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ، ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزىنى ساڭا نىكالاپ ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ بەختىيار. باغۋەن:

— بۇ گېپىڭمۇ ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئالقىش ۋەزىر سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئەكەل دېگەن تۇرسا بۇنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ بەختىيار، — شەھەردە بىر تۇل خوتۇن بار. ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا يالغۇز بىرلا ساغلىقى بار ئىدى. ساغلىق بىر كۈنى قوزىلاپ بولۇپلا ئۆلۈپ قالدى. بۇ خوتۇن ھېلىقى قوزىنى ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان، بۈگۈن سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ بازارغا ئېلىپ چىقتى، شۇ قوزىنى ئەپكېلىپ ئۆلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا. ئالقىش ۋەزىر يەسە بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

باغۋەن خۇشال بولۇپ مال بازىرىغا بېرىپتۇ، دېگەندەكلا بىر خوتۇن بىر پاخلاننى تۇتۇپ تۇرغۇدەك، باغۋەن پاخلاننى سېتىۋاپتۇ-دە، ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئالقىش ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر تېتىپ باقسا ئادەم يۈرىكىنىڭ تەمى كەپتۇ. ئۇ باغۋەندىن ناھايىتى رازى بوپتۇ.

ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، بۇ يەرنىڭ پادىشاسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ-دە، بىئارام بولۇپ تۇرالماپتۇ. ئۇنىڭ ئوردىسىدا قىرىق نەپەر ئاقىل دانىشمەن بار ئىكەن. پادىشا ئۇلارنى چاقىرىپ چۈشىنى سوراپتۇ. ئۇلار ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئاخىرى پادىشا غەزەپلىنىپ بۇ قىرىق ئاقىل-دانىشمەننىڭ ھەممىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشا يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ-دە، ئالقىش ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— سەن مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلەپ، دۆلىتىمنى كۆرۈپ، ئىززەت-ئابرويلۇق بولدۇڭ. بۇگۈنكى كۈندە مېنىڭ بېشىمغا بۇ تەشۋىش چۈشتى. مەن ساراڭ بولۇشقا ئاز قالدىم. شۇ تۆپەيلىدىن قىرىق نەپەر ئاقىل-دانىشمەنىمنى ئۆلتۈردۈم. ئەمدى ساڭا بۇيرۇق قىلىمەن، ئۈچ كۈن ئىچىدە، غەزىنىدىكى پۈتۈن، مال-دۇنيالىرىم سەرپ بولسىمۇ مەيلى، مېنىڭ چۈشۈمنى تاپقىن، تەبىر بەرگىن. تاپالمىساڭ سېنىڭمۇ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر قورققىنىدىن بەزگەك ئادەمدەك تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ كېلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ. ئۇ بۇ چۈشنى تېپىپ تەبىر بەرگۈدەك ئادەم ئىزلەپ، ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن بىرەر ئېغىزمۇ خۇش خەۋەر كەلمەپتۇ. ئۈچ كۈنمۇ توشۇپتۇ. ئالقىش ۋەزىر ھېلىقى قوينىڭ قوسىقىدا ئىككى قوزا بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ رەڭگىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ-دە، باغۋەنگە:

— ھەي باغۋەن، ھېلىقى قوينىڭ قوسىقىدىكى قوزىنى بىلگەن بالىنى ئۆلتۈرمىگەن بولساق ھازىر مېنى پادىشانىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلدۇراتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باغۋەن:

— جانابى ۋەزىر، بۇ بالىنى ئۆلتۈرمىگەن، ھازىر ئۇ ھايات، — دەپتۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ ۋەزىر، — مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېگەن ئىدىمغۇ؟

— سىزگە شۇ بالىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئادەم ئەمەس چوڭ بولغان بىر قوزىنىڭ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن ئىدىم، — دەپتۇ باغۋەن.

ئالقىش ۋەزىر ئوردىغا خۇش خەۋەر ئېيتىپ كەلگىنىدە پادىشا تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئالتۇن تولغان پەتنۇس كۆتەرگەن يەتتە خىزمەتكار، سول تەرىپىدە قىلىچ تۇتقان يەتتە جاللات تۇرغۇدەك. پادىشا ئالقىش ۋەزىرنى كۆرۈپ:

— قېنى، مېنىڭ چۈشۈم نىمە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر پادىشانىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— كەچۈرگەيسىز پادىشايىم، سىزنىڭ چۈشىڭىزنى بىلىدىغان ئادەمنى هازىر ئېلىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك توشتى. تېز بول. بولمىسا يەتتە ئەزىمەت سېنى يەتتە پارچە قىلىپ تاشلايدۇ، — دەپ تەھدىت سېلىپتۇ پادىشا.

ئالقىش ۋەزىر پادىشانىڭ ئالدىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپتۇ - دە، باغۋەن بىلەن بەختىيارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ۋەقەنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. بەختىيار تەمكىنلىك بىلەن:

— بۇنىڭ هۆددىسىدىن مەن چىقىمەن، لېكىن سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس. پىيادە ياكى ئات - ئۇلاق بىلەن بارالمايمەن، — دەپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر مەيە، هارۋا ئېپ كېلەي، دەپتۇ، بەختىيار ئۇنىماپتۇ. باغۋەن:

— مەن هاپاش ئېتىپ ئاپىراي، — دەپتۇ، ئەمما بەختىيار:

— ياق، ماڭا كىمنىڭ هاجىتى چۈشكەن بولسا شۇ هاپاش قىلىپ ئاپارسۇن، — دەپتۇ. ئالقىش ۋەزىر «يۈزۈم كەتسىمۇ كەتسۇن، جېنىم قالسۇن» دەپ ئۆزى هاپاش ئېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بەختىيار هاپاش بولۇپ:

— دۈمبىڭىز بەك سىلىق ئىكەن، سېرىلىپ كېتىپ تۇرالمىدىم، دۈمبىڭىزگە ئىگەر توقۇساق، — دەپتۇ. ئالقىش ۋەزىر ياق دىسە، بۇ بالا پادىشا ئالدىغا بارمىسا، ئۆز كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورقۇپ ماقۇل دەپتۇ. بەختىيار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئىگەر توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ، قولىغا ئالقىش ۋەزىرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان قانلىق قامچىسىنى ئېلىپ مىنىپتۇ ـ دە، ئۇنى قامچىلىغان پېتى كوچا ئايلاندۇرۇپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ھەيران بولۇپ «مەن شۇنچە چوڭ پادىشا تۇرسام، مەندىن قورقماي مېنىڭ يۈز ـ ئابرويلۇق ۋەزىرىمنىڭ ئۈچىسىغا ئىگەر توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ شۇنچىلامۇ رەسۋا قىلامدۇ؟ مېنىڭ چۈشۈمنى تاپسىمۇ، تاپمىسىمۇ بەرىبىر ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بەختىيارغا قاراپ:

— مەن ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆردۈم. بىراق كۆرگەن چۈشۈمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنى تېپىپ، تەبىرىنى دەپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— سىز كۆرگەن چۈشتە ئالدىڭىزغا قىرىق لىگەن ئاش كەلدى. بىرى كەم قىرىق لىگەننىڭ ھەممىسى كۈمۈش لىگەن، بىرى ئالتۇن لىگەن ئىدى. سىز ئالتۇن لىگەندىكى ئاشنى يەي دەپ قول ئۇزاتتىڭىز. بىر دانە ئىت كېلىپ ئاشنى سىز بىلەن بىللە يېدى، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ بەختىيار.

پادىشا ئويلىسا كۆرگەن چۈشى بەئەينى شۇنداق. پادىشا يەنە ئۇنىڭغا چۈشىنىڭ تەبىرىنى دەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

— سىز خوتۇنلىرىڭىزغا ئەمىر قىلىڭ. ھەممىسى ئۆز مەپىلىرى بىلەن جابدۇنۇپ چىقسۇن، — دەپتۇ بەختىيار.

پادىشا بۇيرۇق قىپتۇ. بىر سائەت ئىچىدە قىرىق مەپە ئوردا ئالدىغا جەم بوپتۇ. قارىسا، بىرى كەم قىرىق مەپە كۈمۈش، بىرى ئالتۇن مەپە ئىكەن. ئالتۇن مەپىدىكى پادىشانىڭ ئامراق خوتۇنى سۇلتانى رۇم پادىشاسىنىڭ قىزى ئىكەن. بەختىيار بېرىپ مەپىنىڭ شوتىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تىلسىمات بىلەن بەنت قىلىنغان بىر زەڭگىنى سۆرەپ چىقىپتۇ ـ دە، پادىشاغا:

— سىز بىلەن ئاشنى بىللە يېگەن ئىت مۇشۇ، — دەپ كۆرسىتىپتۇ.

پادىشا شۇ يەردىلا خوتۇنى بىلەن ھىلىقى زەڭگىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن بەختىياردىن:

— ئەمدى دېگىنە، نىمە ئۈچۈن مېنىڭ شۇنچە ئابرويلۇق ۋەزىرىمنى شۇنچە رەسۋا قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ سىزگە بەدنىيەتلىك قىلدى، خەلققە ئاسىلىق قىلدى، ماڭا قەست قىلدى، شۇ سەۋەپلەردىن مۇشۇ ھالغا كەلتۈردۈم، — دەپتۇ بەختىيار. ئۇ يەنە پادىشانى باشلاپ بېرىپ ئالقىش ۋەزىرنىڭ راۋىغى ئاستىنى كولاپ دادىسىنىڭ ئۆلۈگى بىلەن بىر كۆپ ئالتۇن تىللانى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئالقىش ۋەزىرنى ئات ئېتىپ مىنگىنىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ۋە ئالقىش ۋەزىرنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

بەختىيار ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىنى ئاپتۇ-دە، باغۋەن يىگىتكە نىكالاپ، ئۇزۇندىن بۇيان مۇرادىغا يەتمىگەنلەرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى مۇنداق ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىلىم-بىلىمدىن كېلىدىغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئىلىم-بىلىمنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپتۇ. بەختىيارنى ئالقىش ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «ئون بەش ياشلىق ۋەزىر» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار)
ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم قۇربان

www.uyghurkitap.com

# مەھمۇت بىلەن مەلىكە مەھلىقا

ئۆتكەن زاماندا، مەلۇم شەھەردە مەھمۇت ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. يىگىت ئون ياش چېغىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېرى ئانىسىنىڭ قولىدا قاپتۇ. ئانىسىنىڭ مەھمۇتتىن باشقا ھېچكىمى بولمىغاچقا، يىپ ئىگىرىپ سېتىپ يۆرۈپ ئوغلىنى چوڭ قىپتۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ مەھمۇت يىگىرمە ياشلىق قىران يىگىت بولۇپتۇ. جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، ئانىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئوتۇننى يىغىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ھاجىتى قىستاپتۇ. بىر دۆڭنىڭ كەينىدىكى چاتقاللىقتا بېرىپ ھاجەت قىلاي دەپ ئولتۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا يەر ئۆيۈلۈپ، يىگىت يەرنىڭ قەھرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازادا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، بىر قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. يىگىت خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق يوقىلىپ، ئەتراپ يورۇپتۇ - دە، بىر ئاپپاق ساقال، نۇرانە بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ. يىگىت بوۋايغا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، قورقما! ئاناڭ ۋە سېنىڭ نەچچە يىللاردىن تارتقان جاپايىڭ ۋە سەۋرى - تاقەت، ئالىجاناپلىقىڭنىڭ بەدىلىگە خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلدى. لېكىن سەن بۇ بەختنى

ئوبدان پايدىلىنىشىڭ، يامان يولغا كىرىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك. ئاڭلا: سەن چۈشكەن بۇ جاي سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ يەر ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان خەزىنىسى. ئالدىڭدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشىكتىن كىرسەڭ چوڭ بىر قەسىر بار. بۇ قەسىرنىڭ قاتمۇ ـ قات ئىشىكى بولۇپ، ھەر بىر ئىشىكتە ھەيۋەتلىك ئەجدىھا، يولۋاس بار. ئۇلار ساڭا ھەيۋە ـ خىرىس قىلىدۇ، سەن قىلچە قورقمىغىن ۋە ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەرگىن. قورقمىساڭلا ئۇلار ساڭا تەگمەيدۇ، قورققان ھامان تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن، بۇ يەردىن مەڭگۈگە چىقالمايسەن. توققۇز قات ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن يەر ئاستى خەزىنىسىگە رەسمىي كىرگەن بولىسەن، خەزىنىدە گۆھەر، ئالتۇن ـ تىللا، قورال ـ ياراق، رەختلەر، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى بار. سەن ئۇلارغا زادىلا كۆز قىرىڭنى سالما، چۈنكى ساڭا بۇلار بىھاجەت. ئەڭ ئاخىرقى ئۆيدىكى بىر تىللا ساندۇقنىڭ ئىچىدە ياقۇت كۆزلۈك ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك بار. شۇنىلا ئالغىن. باشقا ھېچ نەرسىگە تەگمىگىن. ئۈزۈكنى قولۇڭغا سالغىن ـ دە، نىمىگە ھاجەت بولساڭ، بارمىغىڭ بىلەن ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئۇۋۇلا. شۇئانلا بىر قارا جىن پەيدا بولىدۇ، سەن قورقماستىن ئۇنىڭغا خىزمەت بۇيرۇۋەرگىن، جىن بەجانىدىل بىجىرىدۇ. جىننىڭ جىنى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىگە بەنت قىلىنغاندۇر. بەختلىق قىلىپ ئۈزۈكنى يۈتتۈرۈپ قويغۇچى بولما، ئۈزۈك يوقالسا سەندىكى ئامەتمۇ يوقىلىدۇ، — دەپ ئۈگىتىپتۇ ۋە قوللىرىنى ئېچىپ: «ساڭا بەخت يار بولسۇن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ دۇئا قىلىپتۇ. يىگىتمۇ دۇئا قىلىپ بولۇپ قارىسا، ھېلىقى بوۋاي ئۆيىدىمۇ ـ دۆڭدىمۇ يوقىمىش. ئەسلىدە ئۇ ئاقساقال نۇرانە كىشى خىزىر ئىكەن.

يىگىت ئالدىغا قارىسا بوۋاي ئېيتقاندەك بىر ئالتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىك نامايەن بوپتۇ. يىگىت ئىشىكتىن قورقماي كىرىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئاخىر ھېلىقى ياقۇت كۆزلۈك ئەگىگۈشتەر ئۆزۈكىنى قولىغا چۈشۈرۈپ، چىمچىلاق بارمىقىغا سالپتۇ. يەر ئۈستىگە چىقىپ، كېيىنشنى ئويلاپ، ئەگىگۈشتەرنىڭ كۆزىنى بارمىقى بىلەن بىر قانچە رەت ئۇۋۇلىغان ئىكەن، بىردىنلا دەھشەتلىك بىر شاۋقۇن كۆتىرىلىپتۇ - دە، قاراڭغۇلۇق غايىپ بولۇپ، تولىمۇ سەت، ھەيۋەتلىك بىر قارا جىن پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ يىگىتكە ئېگىلىپ تازىم قىلغان ھالدا:

— خوش، قانداق خىزمەتلىرى بولسا بىجا كەلتۈرگەيمەن! — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ھازىر مەن نەدە تۇرۇۋاتىمەن؟ يەر ئۈستىگە ئەپچىقىپ قويالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— ھازىر بىز، — دەپتۇ جىن مۇلايىملىق بىلەن، — يەر يۈزىدىن ئون مىڭ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى تىلسىم سۇلايماندا تۇرۇۋاتىمىز. جاناپلىرىنى يەر ئۈستىگە ئەپچىقىپ قويالايمەن.

— ئۇنداق بولسا مېنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئانامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويغىن!

— خوپ! — دەپتۇ جىن ۋە يىگىتكە كۆزىنى يۇمۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. يىگىتنى ئالقىنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يىگىت كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ئارىدىن بىرەر مىنۇت ۋاقىتمۇ ئۆتمىگەن ئىكەن، جىن:

— كۆزلىرىنى ئاچسىلا، كەلدۇق، — دەپتۇ. يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، راستىنلا ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك، ئانا ئوغلىنى كۈتۈپ زار - زار يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. يىگىت جىنغا رۇخسەت بېرىپ، ئاندىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئانىسى بىلەن يىغا - زارە قىلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىپتۇ، ھال - مۇڭ بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىدا يىگىتنىڭ قوسىغى

ئېچىپتۇ ۋە ئانىسىدىن،
— ئانا يىگۈدەك نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ۋاي جېنىم ئوغلۇم، — دەپتۇ موماي يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن كەتكەندىن بېرى يىغلاپ يۈرۈپ ھېچ ئىش قىلالمىدىم. يىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. ئەگەر بۈگۈن يېتىپ كەلمىگەن بولساڭ ئاچ قالغان بولاتتىم، — دەپتۇ.
يىگىت دەرھال ھېلىقى ئۈزۈكنى ئۈۋۈلىغان ئىكەن، ھېلىقى جىن پەيدا بولۇپ:
— خوش، نىمە خىزمەتكە بويرۇيلا؟ دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.
— سەن ئاۋال ھەر خىل نازۇ - نىمەت، ئاش - تاماق كەلتۈر. ئاندىن ئۇن مىڭ ئادەمگە يۈز يىل يەتكۈدەك ئاشلىق - تۈلۈك ۋە ئۇن ئىغىزلىق ئۆي راسلاپ بەر! — دەپ بويرۇپتۇ يىگىت جىنغا. جىن:
— خوپ، — دەپتۇ - دە، غايىپ بولۇپتۇ، كەچ بولۇپتۇ. يىگىت ئانىسى بىلەن ئاچ يېتىپ قاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا، نىمە بۇيرۇغان بولسا ھەممىسى كۆز ئالدىدا تەل تۇرغۇدەك. نېرىسىدا ئاجايىپ زىننەتلەپ ياسالغان ئۇن ئىغىزلىق ئۆي قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغۇدەك. يىگىتنىڭ ئانىسى ھەيران بولغان ھالدا:
— ۋاي ئوغلۇم، جاڭگالغا بېرىپ يوقاپ كېتىپ جادىگەرلىكنى ئۆگىنىپ كەلدىڭمۇ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يوقسۇ ئانا! بۇ جادىگەرلىك ئەمەس، خۇدايىمنىڭ بىزگە قىلغان رەھىم - شەپقىتى. قېنى، قوساقنى تويغۇزايلى، — دەپ ئانىسىنى قولتۇغىدىن يۆلەپ، ھېلىقى سارايغا ئېلىپ كىرىپتۇ يىگىت ۋە توققۇز قەۋەت مەخمەل كۆرپە سالدۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ - دە، جىن كەلتۈرگەن تاماقلارنى ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئانا ــ بالا تويغىچە يەپتۇ. ئەتىسى ھىلىقى جىن كەلتۈرگەن خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، يوغان داش ــ قازانلاردا پولۇ ئەتكۈزۈپتۇ ــ دە، شەھەردىكى پۈتۈن كەمبەغەل، يېتىم ــ يېسىرلارنى چاقىرىپ ئاش تارتىپتۇ ۋە ئۇلارنى كۈندە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. شەھەردىكى ۋە شەھەرگە يېقىندىن كەلگەن ئاچ ــ زېرىن يوقسۇللار يىگىتنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، قوساقلىرىنى تويغۇزىدىغان بوپتۇ. تۈگەپ كېتەي دېسە يىگىت ھىلىقى جىننى چاقىرىپ تولۇقلاتقۇزىدىكەن. كېيىنرەك جىننى بۇيرۇپ يەنە بىرقانچە يۇرۇش بىنا سالدۇرۇپ، ئىچىنى ئالتۇن ــ كۈمۈش بىلەن لىق تولدۇرۇپ، يېتىم ــ يېسىرلارغا خەيرى ــ سەدىقە بېرىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ يىگىتنىڭ نامى تەرەپ ــ تەرەپكە تارقىلىپتۇ: «تەڭ يىگەن تەنگە سىڭەر» دەپ، يىگىت غايىپتىن كەلگەن بۇ بەخت ــ سائادەتكە ئاچكۆزلۈك قىلماي، ئەل بىلەن تەڭ ئورتاقلاشقىنى ئۈچۈن، ئەل ئىچىدە ئابرويى كۈندىن ــ كۈنگە ئېشىپتۇ.

يىگىت ياشايدىغان ئەلنىڭ پادىشاسى تەلۋە، ساددا ئىكەن، مۇستەقىل ئىش قىلالمايدىكەن، كىم، نىمە دېسە ئىشىنىپ كېتىدىكەن ۋە ئويلاپ كۆرمەيلا، ھەر قانداق تەكلىپ ــ تەشەببۇسلارنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىچى زەھەر، مەككار ئىكەن. ۋەزىرنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، پادىشانىڭ لەشكەر باشلىغى ئىكەن. پادىشانىڭ مەلىقا ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، تولىمۇ گۈزەل، ساھىپجامال ۋە ئەخلاقلىق ئىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى، مەلىقاغا دائىم كۆيۈپ ــ پىشىپ يۈرسىمۇ، مەلىقا دادىسىغا تارتقان، قېلىچىدىن قان تامىدىغان بۇ زالىمنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىكەن. قىزنىڭ چىرايى، ھۆسنى، ئەخلاقى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر ئىكەن. كۆپلىگەن كىشىلەر ھەۋەس قىلىشقان بولسىمۇ قىز

ئۆلىمىغانلىقتىن ئامالسىز قېلىشقان ئىكەن.

مەھمۇتنىڭ داڭقى پادىشاغا ۋە ئوردا ئەھلىگىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. قىزمۇ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ساددا، بەرنا ۋە سېخىلىغى، خەلقنى يار تۇتىدىغان رەھىمدىل ئەخلاقىدىن سۆيۈنۈپ، يىگىتكە غايىبانە ئاشىق بولۇپتۇ ۋە يىگىتنى بىر كۆرۈش پۇرسىتىنى كۈتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت پادىشانىڭ چار بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى يول بىلەن مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا، مەلىكە مەھلىقا پىراق ئوتلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز باغ سەيلىسىگە چىققان ئىكەن. ئۇ باغ ئارىلاپ يۈرۈپ، باغنىڭ چېتىگە — باغ ئېرىقلىرىغا سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئويناپ ئېقىپ تۇرغان سۇغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە قۇلىقىغا باغنىڭ ئارقىسىدىكى يول تەرەپتىن ئاتنىڭ ماڭغان شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ، قىز بويۇنداپ قارىسا، ئاي - ھاي، ياخشى جابدۇلغان قارا ئارغىماققا مىنگەن، يىگىرمە ياشلاردا بىر بەرنا يىگىت كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتلىرى نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىغا تولىمۇ ياراشقان ئىكەن. يىگىت تولىمۇ سۆلەتلىك، سالماق بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇشى شاھزادىلەرگە ئوخشايدىكەن. مەلىكە مەھلىقانىڭ يۈرىكى تۇيغاندەك، يىگىتكە بولغان ئامراقلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ - دە، «مەھمۇت دېگەن ھېلىقى يىگىت شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، بىر گەپ سوراپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ. يېنىدىكى چېچەكلەپ - گۈللەپ كەتكەن ئەتىر گۈلدىن بىر تال يېڭى غۇنچىنى ئۈزۈپتۇ - دە، يىگىت ئۇدۇلىغا كەلگەن چاغدا گۈلنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ.

يىگىت گۈلنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەستىن چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋاپتۇ، ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قاراپتۇ ۋە بىردىنلا باغنىڭ تېمىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان ماھىپجامال بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ، شۇ زامان قىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايدەك جامالىددىن بىر پارچە ئوت ئاجراپ چىقىپ يىگىتنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ ۋە يىگىت «ئاھ!» دەۋېتىپتۇ. يىگىت ھاياجىنىنى باسالماي ئاتنى توختىتىپتۇ.

— قايسى باغنىڭ گۈلىسىز ۋە قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت ئەدەپ ۋە مۇلايىملىق بىلەن، — ئادىمىزاتمۇ ياكى پەرىمۇ سىز؟ تېزرەك جاۋاب بەرگەيسىز. بولمىسا ئىشقى - پىراقىڭىزدا خاراپ بولۇپ كېتىمەن!

— مەن مۇشۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزى مەھلىقا بولىمەن. ئەي بەرنا يىگىت، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە مەھلىقا.

— مەن، مۇشۇ شەھەردىكى تۇل غېرىپ موماينىڭ ئوغلى مەھمۇت بولىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت.

— ئاھ! — دەپتۇ مەھلىقا. — مەن سىزنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرمەككە خۇشتار ئىدىم. بۈگۈن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قېنى، باققا مەرھەمەت قىلىڭ.

يىگىت ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، باغنىڭ سۆڭگۈچىددىن كىرىپتۇ. ئىككىيلەن سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەلگەن بۇ خىلۋەت ماكاندا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا مۇڭدىشىپ، شېرىن سۆھبەتلەرنى قىلىشىپتۇ ۋە ھەر قانداق توسقۇنلۇقلار كەلسىمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن بولۇشقا، ناۋادا، ھايات چېغىدا تەقدىر قوشۇلۇشقا نېسىپ قىلمىسا، بىر - بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىققا، قىيامەتتە چوقۇم قوشۇلۇشقا ۋەدىلەر قىلىشىپتۇ. ئاندىن قىز يەنە ئوردىنىڭ پۈتكۈل ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ:

— سىز ھەر ھالدا قائىدە - يوسۇن بويىچە ئەلچى ماڭدۇرۇپ بېقىڭ، ئاتام ئۇنىسا تېخى ياخشى، ئۇنىمىسا ئۆزىمىز بىلىپ ئىش قىلىمىز، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

شۇ ئارىدا مەھمۇتنىڭ بىردىنلا بېيىپ، سېخى بولۇپ داڭ چىقارغانلىقىنى ۋەزىرمۇ ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە ھەسەت ئوتى چۈشۈپتۇ. «مەن ئۇنى شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا پادىشاغا ئۇقتۇرماي ئۇجۇقتۇرۇپ، بايلىقلىرىنىڭ سىرىنى بىلمىسەم ۋە بايلىقلىرىنى تارتىۋالمىسام، ئەتە - ئۆگۈن بىزنىڭ تەلۋە پادىشاھىمىزنى ئالداپ، مېنىڭ ئاستىمغا سۇ قويۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بۇ ئويلىرىنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغلىمۇ دەرھال قوشۇلۇپتۇ. ئادەم چىقىرىپ تىڭ - تىڭلاش ئارقىلىق يىگىتنە قانداقتۇ بىر ئۈزۈكنىڭ بارلىقىنى، پۈتۈن سىر ئەنە شۇ ئۈزۈكتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. ۋەزىر ئوغلىغا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، بىر كېچىدىلا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۈزۈكنى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى تۈن نىسپى بولغاندا ياخشى قوراللانغان مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، مەھمۇتنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ.

مەھلىقامۇ ناھايىتى ھوشيار قىز ئىكەن. ئوردىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئۇنىڭ كېنىزەك - چۆرىلىرىدىن كۆز - قۇلاقلىرى بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىدىكەن. كېنىزەكلەردىن بىرسى ۋەزىرنىڭ مەھمۇتنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن بىر توپ لەشكەر بىلەن ئوغلىنى ئەۋەتكەنلىكىنى مەھلىقاغا يەتكۈزۈپتۇ. مەھلىقا بۇ خەۋەرنى مەھمۇتقا يەتكۈزۈپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى تۈن نىسپىدە مەھمۇتنىڭ سارايلىرىنى قورشىۋاپتۇ. مەھمۇتمۇ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنى شۇنداق بىر ئۇۋۇلىغان ئىكەن، ھېلىقى ھەيۋەتلىك جىن دەرھال پەيدا بولۇپتۇ ۋە پەرمان كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— سەن، — دەپتۇ مەھمۇت جىنغا، — مۇشۇ قورشاپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقات، لېكىن باشلىغىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېچىپ كېتىشىگە يول قويغىن!

جىن «خوپ» دەپتۇ ـ دە، دەرھال كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. تۇيۇقسىزلا لەشكەرلەرنىڭ دېمى سىقىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جان بېرىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى قورقۇپ ئاران قېچىپ چىقىپتۇ ـ دە، ھاسىرىغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر لېۋىنى چىشلەپتۇ.

ـ ئەمدى گەپنى مەھمۇتتىن ئاڭلايلى.

مەھمۇت دۈشمەنىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئانىسىنى چاقىرىپ، پادىشانىڭ قىزى مەلىكە مەھلىقاغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئەلىۋىدە شاھ ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ـــ ۋاي ئوغلۇم، ـــ دەپتۇ موماي قورققان ھالدا، ـــ ئۇ پادىشا، بىز ئاددىي پۇقرا تۇرساق قىز بېرەرمۇ؟

ـــ قورقما ئانا! بەرسە بېرەر، چىرايلىقچە بەرمىسە باشقىچە يول تۇتارمىز، ـــ دەپتۇ مەھمۇت.

شۇنداق قىلىپ، موماي ئۇبدان ياسىنىپ، بىر ئالتۇن لىگەنگە لىق گۆھەر ئېلىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە مېڭىپتۇ. بارسا ئوردا قاراۋۇللىرى مومايىنى كىرگۈزمەپتۇ. موماي كۈندە كېلىپ تۇرۇۋېلىشۇرگەندىن كېيىن، قاراۋۇللار بۇ خەۋەرنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا دەسلىۋىدە غەزەپلىنىپتۇ. كېيىن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. موماي سالام ـ تازىملاردىن كېيىن، سوغاتنى پادىشاغا سۇنۇپتۇ. ئاندىن كېلىش مۇددىئاسىنى ئارىغا سېپتۇ. موماي ئېلىپ كەلگەن گۆھەرلەرنىڭ ھەر بىرى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە يارايدىكەن. شۇڭا بىر لىگەن گۆھەرنى كۆرۈپ پادىشا بىر ئاز يۇمشاپتۇ ۋە: «مۇنچىۋالا گۆھەر مېنىڭ خەزىنەمدىمۇ يوق. ئەگەر

ئۇ كاتتا بىر باي بالىسى بولمىسا مۇنچىۋالا گۆھەرنى نەدىن تاپىدۇ؟ قۇدا بولايمىكىن - يا؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ھىلىقى ھەسەتخور ۋەزىر شاھنىڭ قۇلىغىغا:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ موماي چوقۇم جادىگەر بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا مۇنچىۋالا گۆھەرنى نەدىن تاپىدۇ؟ بىز ئۇنىڭ ئوغلىنى سىناپ كۆرەيلى، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

پادىشا مومايغا ۋەزىرنىڭ ئۆگەتكىنىچە:

پايتەختنىڭ شەرقىدىكى تاغنىڭ ئارقىسىدا پايانسىز بوز يەر بار. لېكىن سۇ يوق. تاغنىڭ ئالدىدىكى كۆل سۈيىنى شۇ يەرگە باشلاپ تېرىلغۇغا ئايلاندۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن تاغنى كېسىپ سۇنى ئۆتكۈزگۈدەك ئەر چىقمىدى. ئوغلۇڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە تاغنى كېسىپ، شۇ سۇنى تاغ ئارقىسىغا ئۆتكۈزسە، پايانسىز بوزلۇقنى ئېكىنزارغا، گۈللەپ تۇرغان باغلارغا ئايلاندۇرسا ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

موماي پادىشانىڭ ئالدىدىن قايتىپ، ئوغلىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، پادىشانىڭ شەرتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— غەم قىلماڭ ئانا، — بۇ ئىش پادىشانىڭ كۆتكىنىدەك بولىدۇ، — دەپتۇ مەھمۇت ۋە ئەنگۈشتەر ئۈزۈكىنى ئۇۋۇلاپتۇ. ھىلىقى جىن دەرھال پەيدا بوپتۇ. مەھمۇت جىنغا پادىشانىڭ قويغان شەرتلىرىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئورۇنلاشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يىگىت چىقىپ قارىسا، تاغ كېسىلىپ، سۇ باشلىنىپ، ھىلىقى بوزلۇق پادىشا ئېيتقاندىن نەچچە ھەسسە گۈزەل باغۇ - بوستان، ئېكىنزارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. موماي دوڭغاسلاپ بېرىپ، پادىشاغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشامۇ چىقىپ كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ بارمىقىنى چىشلەپتۇ، قىزىنى بەرمەكچى بولۇپ مومايغا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ھىلىقى ھەسەتخور ۋەزىر يەنە پادىشانىڭ قۇلىغىغا بىر نىملەرنى پىچىرلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر شەرت بار! — دەپتۇ پادىشا مومايغا، — چارباغنىڭ ئىچىدە ئىككى چوڭ كۆل بار. ئۈچ كۈن ئىچىدە، شۇ كۆللەرنىڭ بىرىنى گۆھەر بىلەن، يەنە بىرىنى ئالتۇن بىلەن لىممۇ - لىپ توشقۇزسا ئاندىن ئوغلۇڭغا قىزىمنى بېرىمەن.

مەھمۇت بۇ شەرتنىمۇ ئورۇنلاپتۇ، پادىشا مەھمۇتقا قىزىنى بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئەمما، يەنە ھىلىقى زەھەر ۋەزىر شاھنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ.

— پادىشاھىم! — دەپتۇ ئۇ ساختىپەزلىك بىلەن، — مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن. مېنىڭ گېپىمگە قولاق سالسىلا، بۇ مومايىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيمىز. ئالدىراقسانلىق قىلىپ كېيىن ئۆزلىرىگە بىرەر مالاللىق يېتىپ قالمىسۇن، ئاخىرقى قېتىم بىر سىناپ باقساق.

— بۇدۇ قانداق شەرت قويىمىز؟

— قەسىرىنىڭ ئالدىغا قەسىرگە ئوپ - ئوخشاش، نەقىشلىرى گۆھەردىن، سۇۋاقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، تۈۋرۈكلىرى مەر - مەردىن قىلىنغان بىر ئىسىل ساراي سالسۇن. بۇمۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈلسۇن.

پادىشا مومايغا بۇ شەرتنى قويۇپ:

— مۇشۇ ئاخىرقى شەرتنى بىجا كەلتۈرسە قىزىمنى ئوغلۇڭغا جەزمەن بېرىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت يەنە ھىلىقى جىننى بۇ ئىشقا بۇيرۇپتۇ. لېكىن جىنغا بىر تال تۈۋرۈكنى كەم ياساشنى جېكىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشانىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك، پادىشا ئېيتقاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ياسىداق بىر قەسىر پەيدا بولۇپتۇ. پادىشا ھەيران ۋە قايىل بولغان ھالدا ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ، يېڭى سارايىنى تاماشا قىلىشقا كەپتۇ. پادىشا سارايىنى كۆرۈپ، ھەققەتەن رازى بولۇپتۇ.

مەھمۇت پادىشانى ئەتەى كەم ياسالغان ھېلىقى تۇۋرۇك كورنىغا باشلاپ كەپتۇ. ئەمەلدارلاردىن بىرسى:

— ئەتتەك! قەسىر شۇنچە گۈزەل ئىكەنۇ، بىراق بىر تۇۋرۇك كەم قاپتۇ، — دەپ ئەپسۇسلىنىپتۇ. پادىشا كۆرەڭلىك بىلەن:

— بولدى، بۇ بىر تۇۋرۇكنى ئۆزەملا قىلدۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ ۋە خىزمەتچىلەرنى ئىككى كۈن ئىچىدە تۇۋرۇكنى پۈتكۈزۈپ بولۇشنى بۇيرۇپتۇ.

تۇۋرۇكنى ياساشقا پادىشانىڭ خەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەرلەر يەتمەپتۇ. مەملىكەت خەلقىدىن ئالۋاڭ يىغسىمۇ بولماپتۇ، تۇۋرۇكنىڭ يېرىمىمۇ پۈتمەپتۇ.

مەھمۇت «بولدى، مەنلا پۈتتۈرۈۋېتەي» دەپتۇ. ئەتىسى تۇۋرۇك پۈتۈپتۇ. پادىشانىڭ ئەمدى مەھمۇتنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىتنى ئۆزىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا يىگىتكە سۆز قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى زەھەر ۋەزىر يەنە پادىشانىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ، شاھنىڭ رايىنى قايتۇرماقچى بولۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ مەقسىدى مەلىكىنى ئۇغلىغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىكەن.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىرنىڭ قىلىقلىرىدىن يىرگەنگەن يەنە بىر ۋەزىر شاھنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ تۇرۇپ، — شاھلارنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقى — مەملىكەت خەلقى ئالدىدا ئۆز ئىناۋىتىنى تۆككەنلىك. شاھلارنىڭ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇشى، ئۇنىڭ تېز ئارىدا ھالاك بولماقلىقىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ يىگىت ئۈچ نۆۋەت شەرتىڭىزنى ئورۇنلىدى. ئورۇنلىغاندىمۇ ئاجايىپ. ھېچقانداق ئىنسان بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قىيىن ئىشلارنى قىلدى. ئەمدى ۋەدە بويىچە قىزنى بۇ يىگىتكە بەرمەكلىك لازىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق بىر ئاقىلانە مەسلىھەتكە مۇھتاج بولۇپ تۇرغان پادىشا دەرھال ماقۇل بولۇپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئاتتا توي قىلىپ مەلىكە مەھلىقانى مەھمۇتقا نىكالاپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن كۆيوغۇل بىلەن قىزنى يېڭى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئەمدى سۆزنى ھىلىقى ھەسەتخور ۋەزىردىن ئاڭلايلى:

ھەسەتخور ۋەزىر مەلىكىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەسەت ئوتىغا چۆكۈپتۇ. ئوغلىنى چاقىرتىپ قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئوغلى:

— ئاڭلىشىمچە، بىر جادىگەر پالچى بارئىمىش، شۇنىڭدىن بۇ ئىش توغرىلىق بىر تەدبىر سوراپ باقساق قانداق؟ — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

ۋەزىر جادىگەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئالدىغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش قويۇپتۇ ـ دە، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ تولىمۇ مۇشكۈل ئىش ئىكەن، — دەپتۇ جادىگەر، — لېكىن چارە قىلغىلى بولىدۇ. مەھمۇت ئىسىملىك يىگىتنىڭ بارلىق كارامىتى قولىدىكى ئەڭگۈشتەردە. ئاشۇ ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك قولغا چۈشۈرۈلسە، ھەممە ئىش قولغا كېلىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جادىگەرگە يەنە نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپ بېرىش ھەققىدە كۆپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاخىرى جادىگەر ماقۇل بولۇپتۇ ـ دە، ۋەزىرنىڭ بىساتىدىكى بارلىق ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنى يىغدۇرۇپ زەرگەر بازىرىغا بېرىپتۇ ـ دە، يۈزدىن ئارتۇق ئۈزۈك ياسىتىپ، مەھمۇتنىڭ بىر تەرەپكە مېڭىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەھمۇت ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان جادىگەر ھىلىقى ئۈزۈكىنى يېنىغا سېلىپ كوچىلارنى ئارىلاپ: «كونا ئۈزۈككە يېڭى ئۈزۈك تېگىشىمەن!» دەپ توۋلاپتۇ ۋە بۇنى ئاڭلاپ كونا ئۈزۈكلىرىنى ئېلىپ چىققانلارغا ھىلىقى ياساتنۇرغان

ئۈزۈكلەرنى تېگىشىپ بېرىپتۇ. جادىگەر مەھمۇت تۇرغان ساراي ئەتراپىغا كېلىپ توۋلاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە مەھلىقا ئۆيدە ئىكەن، جادىگەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىردىنلا كۆزى ياستۇقنىڭ تۈۋىدە تۇرغان كونا ئۈزۈككە چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئۈزۈك ھېلىقى ئەڭگۈشتەر بولۇپ، مەھمۇت ئۇنى يېنىدىن زادىلا ئايرىمايدىكەن ۋە بۇ ئۈزۈكنىڭ سىرى توغرىلىق ھېچكىمگە، ھەتتا مەھلىقاغىمۇ ئېيتمىغان ئىكەن. مەھمۇت ئۇۋغا چىقىشتىن بۇرۇن مەھلىقا بىلەن تاڭ ئاتقىچە شىرىن سۆھبەتتە بولۇپ، ئۈزۈكنىڭ قولىدىن سىرىلىپ ياستۇق تۈۋىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغان ئىكەن. مەھلىقا ئۈزۈكنىڭ سىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا «ئادەتتىكى كونا بىر ئۈزۈككە ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپتۇ - دە، جادىگەرگە بېرىپ، يېڭى ئۈزۈككە تېگىشىپتۇ.

جادىگەر ئۈزۈكنى ئالغاندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ ۋە ئەڭگۈشتەرنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۈگىتىپتۇ. ۋەزىر جادىگەرگە يەنە نۇرغۇن پۇل - مال ئىنئام قىپتۇ ۋە رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ.

ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، بىر قارا، ھەيۋەتلىك جىن پەيدا بولۇپ: «خوش خىزمەت» دەپ تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— سەن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، — مېنى، مەلىكە مەھلىقانى ۋە مەھمۇت سالغان سارايىنى كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغنىڭ ئارقىسىغا كۆچۈرگىن.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا يېنىك بىر شامال پەيدا بولۇپتۇ - دە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى يېڭى ساراي بىلەن قوشۇلۇپ ھاۋاغا كۆتىرىلىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، بۇ شەھەردىن ئاتمىش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوشال بولۇپ، مەلىكە مەھەللىقاغا كۆڭۈل ئېچىش تەلىۋىنى قويۇپتۇ. ئەھۋالنى چۈشەنگەن زىرەك مەھەللىقا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز قىرىق كۈن سەۋرى قىلىپ تۇرسىڭىز، مەن ھازىر بىتاپ. مەن ئەمدى سىزنىڭ بولدۇم. مەھمۇتنى ئۆزەممۇ ياقتۇرماي يۈرەتتىم. ئەمدى ئۇ بىزنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ. قاچان خالىسىڭىز مەن سىزنىڭكىمغۇ؟ — دەپ يېلىنىپتۇ.

ئۆزىنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىغان مەلىكىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ۋەزىر ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتىپتۇ - دە، قىرىق كۈن كۈتۈشكە رازى بولۇپتۇ.

مەلىكە ھىلىقى جادىگەرگە تېگىشىپ بەرگەن ئۈزۈكىنىڭ ۋەزىر ئوغلىنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، پۈتۈن سىرنى چۈشىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ بىخۇتلۇق قىلغانلىقىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپتۇ. ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بوپتۇ. ئاردىن يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە مەلىكە ۋەزىر ئوغلىنى چاقىرىپ:

— مەن تامامەن ساقايدىم. قىرىق كۈن كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ. تولىمۇ زېرىكىپ كەتتىم، بۈگۈن ئوبدان بىر كۆڭۈل ئاچساق بولاتتى. لېكىن، مەي تۈگەپ قاپتۇ. سازەندە ۋە ساقى قىزلارمۇ يوق، — دەپتۇ.

— قايغۇرماڭ، — دەپتۇ مەلىكىنىڭ سۆزلىرىدىن شاتلىنىپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ۋەزىر ئوغلى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئالدىراپ، — مەن ئۇ نەرسىلەرنى بىردەمدىلا تەييار قىلىمەن! مانا قاراپ تۇرۇڭ!

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ كۆز ئالدىدا قولىدىكى ھىلىقى ئۈزۈكنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، بىر سەت قارا جىن پەيدا بولۇپتۇ.

— ئاخشاملىققا ئولتۇرۇش قىلىمىز. ئەتە ياخشى مەي، ھەر خىل نازۇ - نېمەت ۋە سازەندە، ساقى قىزلارنى تەييارلا! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

جىن كۆزدىن غايىپ بولار - بولمايلا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپتۇ. ئۆزۈكنىڭ سىرىنى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالغان مەلىكە كەچ كىرىشىنى كۈتۈپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، بەزمە باشلىنىپتۇ. ئولتۇرۇش تەڭ بولغاندا ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئوبدان تەڭشىلىپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسۇل ئويناپ، ناز بىلەن تولغىنىپ كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا كەينى - كەينىدىن قەدەھ تۇتۇپتۇ. ئۆزىمۇ ئىچكەن بولۇپ، كۆينىگىنىڭ ياقىسىدىن ئىچىگە تۆكۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى غەرق مەس بولۇپتۇ. مەلىكە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنى چىقىرىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ئوغلى مەلىكىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، شەھۋەتخورلۇقى زىيادە ئېشىپتۇ. شۇ چاغدا قىز تولغىنىپ كېلىپ، يەنە بىر ئاپقۇر قەدەھ تۇتۇپتۇ. بۇ قەدەھكە بىھۇش قىلىدىغان دورا ئارىلاشتۇرۇلغان ئىكەن، ۋەزىر ئوغلى مەينى ئىچىپ بىرئازدىن كېيىنلا ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. مەلىكە مەھلىقا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ۋەزىر ئوغلىنىڭ بارمىقىدىكى ئەنگۈشتەر ئۆزۈكنى قولىغا ئاپتۇ. مەلىكە ئەنگۈشتەرنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، ھېلىقى جىن پەيدا بولۇپتۇ.

— سەن، مېنى ساراي بىلەن قوشۇپ، ئاتامنىڭ قېشىغا - مۇشۇ سارايىنىڭ ئەسلى ئورنىغا ئاپارغىن، ئاتامنىڭ يېنىدىكى ئىچى زەھەر ۋەزىرنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، مۇنۇ ياتقان ھارامزادە ئوغلى بىلەن بىر غارنىڭ ئىچىگە قامىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. شۇنداق دېيىشىگىلا يېنىك بىر شامال چىقىپ ساراي تەۋرىنىپ ھاۋاغا كۆتىرىلىشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئاخىرقى كەپنى مەھمۇتتىن ئاڭلايلى:

پادىشا ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسا، كۈيوغلى سالغان قەسىر ئورنىدا يوق تۇرغۇدەك. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان پادىشا ياساۋۇللارنى خەۋەر ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بىر ھازا-دىن كېيىن ياساۋۇللار قەسىر بىلەن قىزنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى زەھەرلىك ۋەزىر يېتىپ كېلىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مەن ئۆزلىرىگە «مەھمۇت نامەلۇم بىر ئادەم. ئۇ جادىگەر، قىزنى بەرمەيلى، ئاخىر بىزگە بىر كۆڭۈل-سىزلىك تېپىپ بېرىدۇ» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ مانا مېنىڭ ئېيت-قانلىرىم كەلدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ھېچنەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان مەھمۇت ئۇۋدىن قايتىپ پادىشاغا سالام بەرگىلى كەپتۇ.

— ئەنە ئۇ جادىگەر كەلدى، — دەپتۇ ۋەزىر مەھمۇتنى كۆرسىتىپ، — ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك!

— پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر شاھنىڭ ئال-دىدا تىز چۆكۈپ، — بۇ ئىشتا بىر سىر باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە كۈيوغۇللىرى ئاق كۆڭۈل يىگىت، ئۇنى ئالدىراپ ئۆلتۈرمەيلى، زىن-دانغا سېلىپ تۇرايلى.

كېيىنكى ۋەزىرنىڭ تەكلىۋىنى ئورۇنلۇق كۆرگەن شاھ ياسا-ۋۇللارغا كۈيوغلىنى زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆ-تۈپ، يىگىرمە بىرىنچى كۈنى پادىشا ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ ئال-دىدا بىر قارا قۇيۇن پەيدا بوپتۇ - دە، ئىچى زەھەر ۋەزىر بىر چىقىراش بىلەن تەڭ قۇيۇننىڭ ھەمرالىقىدا ھاۋاغا ئۆرلەپ كۆز-دىن غايىپ بوپتۇ. كەينىدىنلا ھاۋادىن مەھمۇت سالغان ھېلىقى ساراي ئۇچۇپ كېلىپ ئاۋالقى جايىغا چۈشۈپتۇ. سارايدىن مەل-

كە مەھلىقا چىقىپ، ئۇدۇللا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ بولغان ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ.

ئۆز ئىشىدىن پۇشايمان قىلغان پادىشا دەرھال بۇيرۇق قىلىپ، زىنداندىكى كۆيوغلىنى چاقىرتىپ، ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سوراپتۇ. پادىشا يېڭىۋاشتىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ ۋە پادىشالىقنى كۆيوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ.

مەھمۇت ناھايىتى ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، پۇقرالارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «ھەسەن سەيپۇڭنىڭ ئوغلى»، «سىرلىق چىراق» دىگەندەك ۋارىيانتلىرىمۇ بار) ئېيتىپ بەرگۇچى: زۆرىخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## قىز كىمگە تەئەللۇق؟

قەدىم زاماندا، بىر پادىشانىڭ ناھايىتى ساھىپجامال بىرلا قىزى بار ئىكەن. شۇڭا پادىشا ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋالاپ چوڭ قىلىپتۇ. قىز بالاغەتكە يەتكەندە «قىزىمنى ئوبدانراق بىرسىگە ياتلىق قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلسام» دەپ ئويلىنىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، شاھنىڭ ھوزۇرىغا بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ يەردىن ئەلچى كەپتۇ ۋە تەڭ بارائۋەر شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ داستىخان ئىچىپ، قىزى توغرىلىق ئېغىز ئېچىشىپتۇ.

ئەلچىلەرنىڭ ئۈچىلىسى ناھايىتى چوڭ ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا شاھ ناھايىتى خىجالەتتە قېلىپ، قانداق جاۋاپ بېرىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ۋەزىرلىرى بىلەن بىر ئاز مەسلىھەتلىشىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. ئەقىللىق ۋەزىر: «شاھىم بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل ئىش، لېكىن، چارىسىمۇ ئاسان. بىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قولىغا مىڭ تىللادىن پۇل تۇتقۇزۇپ سودىغا بۇيرۇيلى. ھەر بىرى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە خاسىيەتلىك سوغات تېپىپ كەلسۇن. بۇلار تېپىپ كەلگەندە قايسىسىنىڭ مۆتىۋەررەك بولسا شۇنىڭغا بۇيرۇيلى. بۇنىڭغا ئۇلارمۇ رازى بولۇشىدۇ. بىزمۇ تەڭلىكتىن قۇتۇلىمىز» دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت شاھ باشلىق ھەممەيلەنگە ناھايىتى خوش كەپتۇ.

ئەسلىدە شاھزادىلەر ئۆزلىرى ئەلچى بولۇپ كېلىشكەن ئىد-
كەن. ئۇلار شاھنىڭ تەلىۋىگە رازى بولۇشۇپ بىرلىكتە سەپەرگە
ئاتلىنىپتۇ. كۆپ شەھەرلەرنى ئارىلاپ چوڭ بىر شەھەرگە كەپتۇ. با-
زار كۈنى ئىكەن. شاھزادىلەر «ھەممىمىز توپلىشىپ يۈرسەك ئوڭۇش-
لۇق سودا قىلالمايمىز. شۇڭا بۆلۈنۈپ سودا قىلايلى، ئۇچرى-
شىدىغان جايىمىز يەنە مۇشۇ ساراي بولسۇن، قايتىشىمىزدا بىللە
قايتايلى» دەپ ۋەدە قىلىشىپ ئايرىلىشىپتۇ.

بىرىنچى شاھزادە ئۆزى ماڭغان تەرەپلەردىكى كوچا - رەس-
تىلەرنى ئۇزاق ئارىلاپتۇ ۋە ئۆزىگە ياققۇدەك ھېچبىر خىسلەتلىك
مال ئۇچرىتالماپتۇ. ئاخىرىدا بىر فارفۇر قاچا، ئەينەك بازىرىغا
كەلگەندە، بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەمنىڭ توپلىشىۋالغان-
لىقىنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، دۇكاندار ئاجايىپ
چىرايلىق، نەقىشلەنگەن بىر ئەينەكنى ماختاۋاتقان ئىكەن.

— بۇ ئەينەك — خاسىيەتلىك ئەينەك! بۇ ئەينەك يىراق-
يىراقلارنى كۆرسىتەلەيدۇ. ھەر قانداق كىشى يىراق بىر جاينى
كۆرمەكچى، ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى بىلمەكچى بولسا، بۇ ئەينەكنى
شۇ ياققا توغرىلاپ تىلىگىنى ئېيتسا، ئەينەك ھەممىنى روشەن
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينەكنىڭ باھاسى مىڭ تىللا، بىر تىللا
كەم ياكى ئارتۇق ساتمايمەن.

شاھزادە: «بۇ ئەينەك مەن ئىزلەپ يۈرگەن سوغاتلىقنىڭ
دەل ئۆزى ئىكەن» دەپ خۇشاللىنىپ، دەرھاللا مىڭ تىللانى
ساناپ بېرىپ ئەينەكنى سېتىۋاپتۇ. «قالغان ھەمرالىرىم مېنىڭكىدەك
سوغاتنى قانچە ئىزلىسىمۇ تاپالمايدۇ. قىز ئەلۋەتتە مېنىڭ بولى-
دىغان بولدى» دىگەن ئوي بىلەن سارايغا قايتىپتۇ.

ئىككىنچى شاھزادىمۇ كوچىلارنى ئايلىنىپ، ئۆزىگە مۇناسىپ
مال ئىزلەپ گىلەم سودىسى بولىدىغان بازارغا كېلىپ قاپتۇ. قا-
رىسا، بىرمۇنچە كىشىلەر بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا ئولىشىپ، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىنى تالىشىۋاتقۇدەك. دۇكاندار ناھايىتى چوڭ، كېلىشكەن بىر گىلەمنى ماختاۋېتىپتۇ:

— بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك گىلەم، سېتىپ ئالغۇچى ئۇستىگە چىقىپ، قەيەرگە بېرىشنى بۇيرۇسا شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. باھاسى مىڭ تىللا، بىر تىللا كەم ياكى ئارتۇق ساتمايمەن.

«ماڭا لايىق مالنىڭ ئۆزىكەن» دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە ۋە مىڭ تىللانى نەق بېرىپ گىلەمنى سېتىۋاپتۇ. «قىز مېنىڭ بولىدىغان بولدى» دىگىنىچە سارايغا قايتىپتۇ.

ئۈچىنچى شاھزادىمۇ بازارنى ناھايىتى ئۇزاق كېزىپ، يارىغۇدەك مال تاپالماپتۇ. ئانغىچە كەچ كىرەيمۇ دەپتۇ. شاھزادە ئۈمىت بىلەن كېتىپ بارسا، بىرمۇنچە كىشىلەر بىر باقالنىڭ دۇكىنى ئالدىغا ئولىشىپ، بىر نەرسىنى تالىشىۋاتقۇدەك. شاھزادە قارىسا. باققال بىر ئالمىنى ماختاۋاتقۇدەك:

— بۇ ئالمىنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى بار. بۇ ئالمىنى ھەر قانداق ئېغىر كېسەلگە پۇراتسا كېسەل ئادەم دەرھال ساقىيىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەممۇ بۇ ئالمىنى بىرلا قېتىم پۇرىسا چۆشكۈرۈپ تىرىلىپ قوپىدۇ.

«مانا، — دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە خوشاللىقىنى باسالماستىن، — مەن ئىزلىگەن سوغات دەل مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ قالغانلار ئاسمانغا ياكى يەر قەھرىگە ۋە ياكى كويىقاپقا بېرىپ ئىزلىسىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق سوغاتنى ھەرگىز تاپالمايدۇ. دىمەك، قىز مېنىڭ دىگەن سۆز». شاھزادە ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن دەرھال مىڭ تىللانى بېرىپ ئالمىنى سېتىۋاپتۇ ـ دە، سارايغا قايتىپ كەپتۇ.

ئاخىرى ئۈچ يىگىت جەم بولۇپتۇ، ئالغان ماللىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ، ھەيران قېلىشىپتۇ. ئۈچەيلەننىڭ ئالغان سوغاتلىرىنىڭ ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىنىڭكىدىن قالغۇچىلىكى

يوق ئىكەن.

— ئاغىنىلەر، — دەپتۇ ئارىدىن بىرى، — نىمە بولسا بولدى، تەلەي ـ پىشانىمىز شۇ ئىكەن، قېنى، ماللىرىمىزنىڭ خاسىيىتىنى بىر سىناپ كۆرمەيمىزمۇ؟ ئەيىنەكنىڭكە بىر قارىغىنا، مەلىكە نىمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن.

ئەينەك ئالغان شاھزادە مەقسىدىنى ئىزھار قىلىپ ئەينەكنى توغرىلاپ قارىغان ئىكەن. مەلىكە ئۆلگەن، شۇ تۇرقىدا كۆمەكچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن. يىگىتلەر ھودۇققىنىچە بىر بىرىگە قارىشىپتۇ.

— قېنى، گىلەمنى سىناپ باقايلىقچۇ، — دەپتۇ يىگىتلەر پەرىشانلىق بىلەن.

ئۈچ يىگىت گىلەمگە چۈشۈپتۇ، بارىدىغان يېرىنى كۆرسىتىپتۇ، بىردىنلا يېنىككىنە بىر شامال پەيدا بولۇپ گىلەم كۆك قەھرىگە كۆتىرىلىپ ئۇچۇپتۇ ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ھەلىقى قىزنىڭ شەھىرىگە — ئوردىغا كەپتۇ. پادىشا باشلىق ئوردا ئەھلى پۈتۈنلەي قارا كىيىپ، يىغا ـ زارە بىلەن قارشى ئاپتۇ.

— قېنى بۇرادەر، — دەپتۇ ئەينەك ئالغان شاھزادە ئالما ئالغان شاھزادىگە، — باياتىن بىرى بىز ئالغان سوغاتلىرىمىزنىڭ خاسىيىتىنى كۆرسەتتۇق، نۆۋەت ئەمدى ساڭا كەلدى، قېنى ئالماڭنىڭ خاسىيىتىنى كۆرسەتسەڭچۇ؟

— نېرى تۇرۇڭلار، — دەپتۇ ئالما ئالغان شاھزادە، ئالمىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ زەر تاۋۇت ئىچىدە ياتقان قىزغا پۇراتقان ئىكەن، قىز «ھەپچۇششۇ» دەپ چۈشكۈرۈپ ئويغىنىپتۇ، ئۇزۇن ئۇخلاپ قالغان كىشىدەك كېرىلىپ ئەسنەپ، ئەتراپتىكىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپتۇ. قىز شۇنداق گۈزەلكەنكى، شاھزادىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ ھېچقايسىسىنىڭ قىزنى باشقىسىغا

بەرگۈسى كەلمەپتۇ.

— قىز مېنىڭ دەپتۇ، — ئەينەك ئالغان شاھزادە، — ئەگەر مەن قىزنىڭ ۋاپاتىنى ئەينىكىم ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا كۆرمىگەن بولسام، بىخارامان يۈرەتتۇق - تە، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، قىز تىرىلمەيتتى.

— ياق، قىز ماڭا مۇناسىپ، چۈنكى گىلەمىمنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىق تېز ۋاقىتتا ئۇچۇپ كەلمىگەن بولساق قىز تىرىلمەيتتى.

— ئىنساپ قىلىڭلار، — دەپتۇ ئالما ئالغان شاھزادىمۇ سۆز ئېلىپ، — ھەر ئىككىڭلارنىڭ سۆزىمۇ دۇرۇس، لېكىن، مۇھىمى ھايات مەسىلىسى. ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈككە جان بەرگۈچى ئالمام بولمىغان بولسا، ئەينەك ۋە گىلەمىڭلارنىڭ خاسىيىتى بىكار بولاتتى. قىزغا ھايات - جان ئاتا قىلغان مېنىڭ ئالمام ئەمەسمۇ؟ شۇڭا قىز ئەلۋەتتە مېنىڭ بولۇشى كېرەك.

شاھ ۋە ۋەزىر - ئەمرالار ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ ئىشقا ھەيران، خىجالەت بولۇشۇپتۇ، ھۆكۈم چىقىرالماي تۇرۇشۇپ قاپتۇ.

قېنى جامائەت، ئېيتىڭلارچۇ؟ قىز زادى كىمگە تەئەللۇق؟...

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى)
ئېيتىپ بەرگۈچى: جەلپەم تۇردى.



www.uyghurkitap.com

## ئەقىللىق قىز

قەدىمقى زاماندا، كەڭ بىر يايلاق بار ئىكەن. ئۇنىڭدا، قوي، كالا، تۆگە ـ تايلاق، بوغا ـ مارال قاتارلىق ھايۋاناتلار ئوتلايدىكەن. بۇ يايلاقنىڭ ئەتراپى قەۋەت ـ قەۋەت ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، قوينى بەكمۇ ئىسسىق ئىكەن، باھار ۋە يازلا بولىدىكەن، قىش بولمايدىكەن. ھاۋاسى تەنگە راھەت، سۈزۈك سۇلىرى ھەسەل تەملىك ئىكەن. بۇلبۇللىرى ناۋا ئەيلەپ، قالغاچلىرى شوخ ئۇسسۇللار ئوينايدىكەن. بۇ گۈزەل يايلاقتا قاسىم ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىكەن. بوۋاي دۇتار چېلىشقا ئۇستا ئىكەن، ئۇنى ئاز دەپ سۇنايغىمۇ تىل كىرگۈزۈۋېتىدىكەن. ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئابرويى چوڭ بولۇپ، گېپى ـ گەپ، سۆزى ـ سۆز ئىكەن.

بوۋاي خۇداغا مۇراجەت قىلىپ:

— يېشىم يەتمىشكە يەتتى، يالغۇز ھەم كىچىك بىرلا قىزىم بار. ئىھ خۇدا! رەھىم ئەيلەپ بىر ئوغۇل بەرسەڭ، ئوغۇل بالا دېگەن ئاتىنىڭ ئوڭ قانىتى، قېرىغاندا بىر يۆلەنچۈك، جاننىڭ راھىتى، مەن ھازىرقى ھالىمدىن بىزارمەن، بېشىمغا كۈن چۈشسە قانداق قىلارمەن؟ — دەپ يىغلاپ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزگەن ئىكەن، لېكىن قاسىم بوۋاينىڭ تىلىكى، خۇدانىڭ ئالدىدا ئىجاۋەت بولماپتۇ. بوۋاي شۇنداق يىغلاپ يۈرۈپ، كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ھال ـ ئەھۋالى كۈنسېرى

ئېغىرلىشىپ، ئەپەسلىرى بوغۇلۇپتۇ. بوۋاي ئاخىرى يورۇق دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ يالغۇز قىزى گۈلسۈم ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىكەن. قوي-قوزىلارنى باقىدىكەن. گۈلسۈم قىز بەكمۇ چىچەن، قولى گۈل ئىكەن، ھەركەتلىرى خۇددى چاقماقتەك تېز ئىكەن. بۇ قىز بوۋاي ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت ئىكەن. بوۋاينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. دادىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن گۈلسۈم قىز كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بوپتۇ. نەچچە تاغ-داۋانلارنىڭ نېرىسىدا داڭلىق بىر تېۋىپ بار ئىكەن. ئۇنىڭ تۇتقان دورىلىرى بەكمۇ شىپالىق ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گۈلسۈم قىز يول تەييارلىقى قىلىپ بويىنىغا ئوق-يا، بېلىگە شەمشەر ئېسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئەل ئۇيقۇغا ياتقان چاغدا، قىز بىر داۋانغا يامىشىپتۇ. بۇ داۋاندا نۇرغۇن بۆرە بار ئىكەن. گۈلسۈم قىزنى كۆرگەن ئاچ بۆرىلەر ھۇۋلىشىپ، بىر-بىرىگە ماسلىشىپ قىزنى ئارىغا ئاپتۇ. بارغانسېرى يېقىنلاپ، گۈلسۈم قىزغا خىرىس قىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، قىز قىلىچە تەمتىرىمەستىن ئوق يارىدىن بۆرىلەرگە ئوق ئۈزۈپتۇ. ھەر بىر ئوقتا بىر بۆرە يەر چىشلەپتۇ، ئەتراپ بۆرە ئۆلۈكىگە تولۇپتۇ. بىراق، بۆرە كۆپ ئىكەن. غالجىرلاشقان بۆرىلەر ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ گۈلسۈم قىزنى تەمتىرەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. قىز تەرلەپ-تەپچىرەپ، بىر مازا جەڭ قىپتۇ. ئاخىرى ئوقى تۈگەپ قېلىپ، بېشى قېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە چوڭلارنىڭ: «بۆرە ئوت ۋە يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ» دېگەن ئاقىلانە سۆزى كەپتۇ. گۈلسۈم قىز ئەتراپتىن قۇرۇق ئوتۇن، شاخ-شۇمبىلارنى توپلاپتۇ. قىزدا سەرەڭگە يوق ئىكەن. ئۇ دەرھال بىر جۈپ تاشنى ئېلىپ، كۆينىكىنىڭ يېڭىدىن كىچىككىنە يىرتىپ تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىككى تاشنى بىر-بىرىگە سۈركەپتۇ. تاشتىن ئوت پەيدا

بولۇپ لاتىغا تۇتىشىپتۇ. قىز خوشال بولۇپ، ئۇتنى ئوتنۇنلارغا تۇتاشتۇرۇپتۇ. بۆرىلەر يالقۇنلۇق ئوتتىن قورقۇپ بەدەر قېچىپتۇ. قىز يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، تاغ - داۋان، چۆللەرنى بېسىپ، چولپان تۇغقان چاغدا تۆۋەپ بار مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ تۆۋەپنى تېپىپ، دورا - دەرمەكنى ئېلىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. يولغۇنلار، گۈل - گىيالار خۇش تەبەسسۇم بىلەن قىزغا تازىم قىلىشىپتۇ.

گۈلسۇم قىزنىڭ ئېلىپ كەلگەن دورىسى بوۋايغا شىپا بولۇپتۇ، بوۋاي ساقىيىپتۇ، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، غىزانىمۇ ئوبدان يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ باتۇرلۇغىدىن رازى بولغان قاسىم بوۋاي:

— قىزىم، تېخى مېنىڭ ئەقلىم چالىكەن، مەن «ئوغلۇم يوق» دەپ زارلىنىپ يۈرۈپتىمەن. خۇدا مېنى كەچۈرسۇن! ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم توق، بىلمەپتىكەنمەن. قىز بالىمۇ بالىكەن، — دەپتۇ. گۈلسۇم قىزنىڭ بۇ قەيسەرلىگى يايلاقتىكى چوڭلارغىمۇ ياراپتۇ. ئەلدىن - ئەلگە تاراپتۇ. شۇندىن بېرى بۇ يايلاقتا يىرتقۇچلار يولىيالمايدىغان بولۇپتۇ. ئەل خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يېشىنى ياشاپ، ئېشىنى ئاشاپ ئۆتۈشۈپتۇ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1979 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى)
خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: ئەمەت ئىدرىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھىتى

بىر كۈنى لوقمان كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، «سېخىلىق بىلەن بېخىللىق» دېگەن ماۋزۇغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭدا، «بىر كىشى قەرز سورىسا قەرز بەرگۈچىگە ئون سەككىز ساۋاپ، قەرز قايتۇرغۇچىغا ئون ساۋاپ بولىدۇ» دېيىلگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن لوقمان ھەرقانداق ھاجەتمەن كەلسە، خالىغانچە قەرز بېرىدىغان بوپتۇ. بۇ خەۋەر ئاز كۈندىلا باشقا شەھەرلەرگە تارقىلىپتۇ. شۇ شەھەرلەردىمۇ ھاجەتمەنلەر كېلىپ قەرز ئېلىپ كېتىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم شەھەردىكى بىر ھىلىگەر سودىگەر: «مەنمۇ بېرىپ لوقماندىن قەرز ئالسام ئۇ مەندىن ھۆججەت تەلەپ قىلمايدۇ. بىزنىڭداق بولغان ئىكەن، كېيىن مەندىن پۇل ئالالمايدۇ» دەپ ئويلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، لوقماننىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ:

— ئى، جانابى لوقمان! مەن ئۆز يۇرتۇمدا ناھايىتى كاتتا سودىگەر ئىدىم، شەھىرىڭىزگە كۆپ مال ۋە تىللا بىلەن كېلىۋاتسام يولدا قاراقچىلار بۇلاپ، قولۇمنى قۇرۇق قىلىپ قويدى. كىچىكىمدىن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم ئۈچۈن قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. شۇڭا بىر ئاز پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ھەركەت قىلسام،

ئىنشائاللا قەرزنى قايتۇرغايمەن، — دەپ، ھىلىگەرلىك بىلەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان لوقمان سودىگەرگە ئۇرغۇن پۇل قەرز بېرىپتۇ. سودىگەر خۇشال بولۇپ، پۇلنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ. ئارىدىن ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ، سودىگەر لوقمانغا قەرزنى قايتۇرماپتۇ. بىر كۈنى لوقمان ئوغلىنى چاقىرىپ، شۇ پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لوقماننىڭ ئوغلى يول ھازىرلىغىنى قىلىپ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. لوقمان ئوغلىغا قاراپ:

— ساڭا تۆت ۋەسىيىتىم بار. قۇلىغىڭدا چىڭ تۇتقىن. بىرىنچى، شەھەردىن چىققىنىڭدا بىر بوۋاي ئۇچرايدۇ. ئۇ كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا، ئۇنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالغىن. ئىككىنچى، يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىمىغىن. ئۈچىنچى، سودىگەرنىڭ شەھىرىگە بارغاندا بوۋاينىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆر. تۆتىنچى، سودىگەرگە تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن، — دەپتۇ ۋە ئوغلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ يولغا ساپتۇ.

بالا شەھەردىن چىقىپ، ئازراق يول يۈرۈشىگە بىر بوۋاي يېتىپ كېلىپ، بالا بىلەن سالاملىشىپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. بۇلار خېلى يول يۈرگەن بولسىمۇ بىرەر سايە جاي ئۇچرىماپتۇ. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ناھايىتى يوغان بىر دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىرئاز ئارام ئېلىپ، ھاۋا سالقىنلىغاندا ماڭايلى، — دەپتۇ. يىگىت ئاتىسىنىڭ قىلغان نەسىھىتىنى ئەسلەپ، بوۋايغا:

— ئاتام، يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىمىغىن، دېگەن ئىدى، — دەپتۇ. بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ:

— ئوغلۇم سەن يولغا چىقىش ئالدىدا، ئاتاڭ بوۋاينىڭ ھەرقانداق پىكرىگە قۇلاق سال، دېگەن ئىدى، سەن بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇپ قايەن، — دەپتۇ. بالا ئەسلەپ كۆرسە، راست شۇنداق، بالا بىرئاز خىجىل بولۇپ:

— كەچۈرۈڭ بوۋا، سىز نىمە دېسىڭىز شۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى كۆرۈنگىنى بىر توپ تېرەك بولۇپ، تۈۋىدىن ئۇنچىدەك سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىكەن. بوۋاي بىلەن يىگىت سۇدىن قانغىچە ئىچىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن بالا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بوۋاي ئۇخلىماي قاراپ ياتقان ئىكەن، بىر ۋاقىتتا دەرەختىن كاتتا بىر يىلان چۈشۈپ، بالىغا خىرىس قىپتۇ. بوۋاي قولىدىكى ھاسا بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىكەن، يىلان شۇ جايىدىلا ئۆلۈپتۇ. يىگىت ئويغانغاندا، بوۋاي بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ: «سەن بۇ يىلاننىڭ بېشىنى كېسىپ، خالتاڭغا سال، كېيىن كېرەك بولىدۇ» دەپتۇ. بالا بۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سودىگەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر لوقماننىڭ ئوغلىنى تونۇپ ئىززەت - ئىكرام، ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. بۇ ھەلتـگەر سودىگەرنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر يالغۇز سىڭلىسى بار ئىكەن. بۇ شەھەرگە كەلگەن ھەرقانداق كىشى بۇ قىزنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولىدىكەن. داغدۇغا بىلەن توي قىلىپ بۇ قىزغا ئۆيلىنىدىكەن، ئەمما بىرىنچى ئاخشىمىلا قىزنىڭ قۇچىقىدا جان بېرىدىكەن. ئۇنىڭ پۇل - ماللىرى ئەنە شۇ سودىگەرگە قالىدىكەن. سودىگەرنىڭ سىڭلىسى لوقماننىڭ ئوغلىنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا قىز لوقماننىڭ ئوغلىغا كىشى قويۇپتۇ. بۇ ئارىلىقتا يىگىتمۇ قىزغا كۆڭۈل ئالدۇرۇپ قويغان ئىكەن. يىگىت ئەھۋالنى بوۋايغا ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، سەن غەم قىلماي، قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ، نىمە سۆزى بار ئاڭلاپ كەلگىن، — دەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا:
— ئەي دانا يىگىت، — دەپتۇ قىز ناز بىلەن، — بۇ شەھەردە مېنىڭدىن باشقا چىرايلىقراق قىز يوق، دەپ‍ى - دۇنيا دىنىڭ بىزدە ھەددى - ھېساپسىز. مەن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ساڭا ئاشىق بولدۇم. ئەگەر خالىساڭ پۇل - ماللىرىمنى ساڭا تەقدىم ئېتەي.
يىگىت ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئەسلەپ، قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى بوۋايغا ئېيتىپتۇ. بوۋاي:
— ئۇنداق بولسا، قىز بىر چوڭ داسنى تاپسۇن، ئوت قالاپ داسنى قىزىتسۇن، ئۆزى ئىگىز رەك جايغا چىقىپ، داسنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرسۇن. سەن يانچۇغۇڭدىكى يىلاننىڭ بېشىنى داسقا تاشلا. قىز بۇ شەرتكە كۆنسە، ئىككىڭلار مەخسەتكە يېتەلەيسىلەر. ئەگەر قىز بۇ شەرتكە كۆنمىسە قايتىپ كەل، — دەپتۇ.
يىگىت «خوپ» دەپ قىزنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بۇ شەرتنى قويۇپتۇ. قىز:
— بۇ شەرت ھېچگەپ ئەمەس. بۇنىڭدىن ئېغىر شەرت بولسىمۇ قوبۇل قىلىمەن، — دەپتۇ. قىز دەرھال ئوت قالاپ، قىزىغان داسنىڭ ئۇدۇلىدا ئىگىزگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت يېنىدىكى يىلاننىڭ بېشىنى داسقا تاشلىغان ئىكەن، ھايال قىلماي، قىزنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر يىلان چىقىپ داسقا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قىز ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۆزىنى يىگىتنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ:
— ئەي ياخشى يىگىت! مەن سېنىڭ كارامىتىڭ بىلەن بۇ يىلاندىن قۇتۇلدۇم. ئۆزەمنى ساڭا قوبۇل قىلدىم. پۇل - ماللىرىم، جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن. يەنە بىر گەپ، ئەتە ئاكام سېنى مېھمان قىلىش بانىسى بىلەن كۆنچىقىش تەرەپتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيگە باشلايدۇ. بۇ ئۆيىنىڭ تەكتىدە ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇق بار، ھەرقانداق كىشى كىرىشى بىلەنلا قۇدۇققا چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. سېنى ئۆيگە باشلىغاندا، ھەرگىز ئاكامنىڭ ئالدىدا ماڭماي، كەينىدە ماڭ. ئاكام بوسۇغىدىن ئاتلىشى بىلەنلا ئالغا ئىتتىرىۋەتسەڭ، قۇدۇققا ئۆزى چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. شۇ چاغدىلا سەن ئامان قالىسەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى سودىگەر يىگىتنى مېھمانخانىغا باشلىغان ئىكەن، يىگىت قىز دېگەندەك قىپتۇ. سودىگەر ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن شەھەر خەلقى خوشال بوپتۇ. خەلقلەرنىڭ گۇۋالىقى بىلەن قىز پۈتۈن مال-مۈلكىنى يىگىتكە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ، ئىككىسى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاي:

— ھەي يىگىت، مەن ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، بىرىنچى، يول ئۈستىدىكى يىلاندىن، ئىككىنچى، قىزنىڭ ئىچىدىكى يىلاندىن، ئۈچىنچى، سودىگەرنىڭ ھىلىسىدىن قۇتۇلدۇردۇم، ئەمدى ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— بوۋا! مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، بۇ قىز سىزنىڭ خىزمەتكارىڭىز بولسۇن! پۇل-ماللىرىم سىزگە سەدىقە بولسۇن، — دەپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— ماڭا دۇنيا كېرەك ئەمەس، يۇرتۇڭغا بارساڭ ئاتاڭغا سالام دە، — دەپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

(«مۇزات دولقۇنلىرى» نىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى)

توپلىغۇچى: ھەسەن ئوسمان.

## پادىشا بىلەن ئوتۇنچى

بۇرۇن شېئىر ـ قوشاققا ئامراق بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ھەربىر گەپ ـ سۆزىنىمۇ قاپىيىلىك قىلىشنى خالايدىكەن. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن ھەر قانداق ئەرز ـ ئىلتىماس شېئىر ـ قوشاق شەكلىدە يېزىلمىسا ئۇ سورىمايدىكەن. بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شېئىر ئاساس قىلىنغان تەلەپنامە يېزىش لازىم ئىكەن.

شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ھەممە كىشىلىرى قاپىيىلىك سۆزلەشكە ئادەتلىنىپتۇ. باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەن كىشىلەر بۇ مەملىكەتنى «شائىرلار مەملىكىتى» دەپ ئاتايدىكەن. ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بۇ «شائىرلار مەملىكىتى» دە ھەر بىر پەسىلدە بىر قېتىم شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش يولغا قويۇلۇپتۇ. پادىشا مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققان شائىرلارغا ئۆزى كۆتەرگۈدەك ئالتۇن مۇكاپات بېرىدىكەن. ئادەتتىكى شېئىر ـ قوشاقلارغىمۇ ھەربىر كۇپلېتى ئۈچۈن شېئىر يازغۇچىنىڭ بىر ئائىلىىق تەمناتىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادىي مۇكاپات بېرىدىكەن.

بۇ شەھەردە ئوتۇنچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى تۆت ئىشەكنى ھەيدەپ جاڭگالغا ئوتۇنغا مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھەمىشە جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ ئۆتۈۋاتقان كۈنىگە ئەپسۇسلىنىپتۇ. «مېنىڭمۇ ساۋادىم بولغان بولسا شائىر بولۇپ، ئوتۇن توشۇماي شېئىر يېزىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشانىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ ياخشى كۈن كەچۈرگەن بولاتتىم» دەپ ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغانلىقىدىن چەكسىز ھەسرەتلىنىپتۇ. چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ مۇنداق دەپتۇ:

تۆت ئىشىكىم بار، ھەممىسى قارا،
ئۆتەر كۈنۈم جاڭگال ئارا.
مەن بارمىسام جاڭگالغا،
ئىشەكنى ھەيدەپ كىممۇ بارا؟

ئۇ بۇ قوشاقنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ ئوقۇپ: «مەنمۇ شائىر بولسام بولغۇدەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇز تۆت ئاي پادىشانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىپ مۇكاپات ئالاي» دەپ ئىشەكلىرىنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە پادىشا ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن جاڭگالغا ماڭغان ئىكەن. پادىشا جاڭگال تەرەپتىن تۆت ئىشەكنى قوغلاپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئوتۇنچىنى كۆرۈپتۇ. پادىشا ئوتۇنچىنى تونۇمايدىكەن. ئوتۇنچىمۇ پادىشانى تونۇمايدىكەن. پادىشا ئوتۇنچىدىن نېمە ئۈچۈن ئوتۇنلۇقتىن ئىشەكنى قوغلاپ ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىنى سوراپتۇ، ئوتۇنچى مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن بولسام بىر ئوتۇنچى. ھەمىشە جاڭگالدا يۈرىمەن. بىزنىڭ شەھەرنىڭ پادىشاسى شېئىر ـ قوشاققا ئامراق، شائىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بۈگۈن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ بىر قوشاق توقۇپ باقسام خېلى كېلىشىپ قالدى. شۇ قوشاقنى ئوقۇپ پادىشادىن مۇكاپات ئالاي، دەپ ئارقامغا قايتىپ كېلىۋاتىمەن.

پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوتۇنچىدىن قوشاقنى ئوقۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئوتۇنچى، پادىشانىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا بۇ گەپتىن قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— مەن پادىشانىڭ ھوزۇرىدا قوشاق توزىدىغان ئادەممەن. ماڭا يارىسا پادىشاغىمۇ يارايدۇ، — دەپتۇ.
ئوتتۇنچى قوشاقنى ئوقۇپتۇ. پادىشا بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ ئوتتۇنچىغا قاراپ:
بۇ قوشىغىڭىز شاھقا قانداقمۇ يارا،
ياخشىراق يېزىڭ سىز بارا - بارا، — دەپتۇ.
ئوتتۇنچى بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ:
ۋاي ئاكا، بۇ قوشاق يارىسا يارا،
يارىمىسا ئاغزىم جايىدا قالا، — دەپتىكەن، پادىشا قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇۋغا بىللە ماڭغان ئادەملەرگە ئۇۋغا بارماي ئوردىغا قايتىشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ. ئوردا ئەھلى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئوردىغا كېلىپ ھەر قايسىسى ئۆز ئارامگاھلىرىدا ئارام ئېلىشىپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئوتتۇنچى ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ داستىخان سېلىپ ئوتتۇنچىنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئالدىغا چاقىرتىپتۇ. ئوتتۇنچى ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ قارىسا بايا يولدا ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن كىشى تەختتە ئولتۇرغۇدەك. ئوتتۇنچى خىجالەتتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشا ئوتتۇنچىدىن:
— سىز نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتتۇنچى مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ ۋە جاڭگالدا توقۇغان قوشاقنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. پادىشا ئوتتۇنچىغا ئىككى ئايلىق تەمىناتقا يەتكۈدەك مۇكاپات بېرىپ ئوتتۇنچىنى مەشھۇر ئوردا شائىرىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە ئوتتۇنچىنى بىر يىلدا ياخشى خەتتات قىلىپ چىقىش، ئىككى يىلدا ئاتاقلىق شائىرلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇستاز كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىپتۇ. ئوتتۇنچىمۇ

ئېتىلىپ ئۆلگىنىپتۇ ۋە بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتۈن
ئوردىدا تەگدىشى يوق شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. پۈتۈن
مەملىكەت ئىچىدە تونۇلۇپ داڭقى كۆتىرىلىپتۇ.

(«كۈچار ناخشىلىرى» نىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى)
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىر ھىزىم
رەتلىگۈچى: ن. غوپۇر

## تېجەشلىك بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر دىخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسقەر، ئەكبەر دەيدىغان ئىككى بالىسى بار ئىكەن. بۇ دىخانىنىڭ هال - ئوقىتى خېلى ياخشى ئىكەن. بالىلىرىغا تولىمۇ ئامراق بولغانلىقتىن هەر كۈنى بىردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىدىكەن. دىخانىنىڭ چوڭ بالىسى ئەسقەر ناهايىتى ئەركە ۋە بەتخەج ئىكەن، بەرگەن تەڭگىنى هەر كۈنى خەجلەپ تۈگىتىدىكەن ۋە دادىسىغا «يەنە تەڭگە بەرگىن» دەپ غەلۋە قىلىدىكەن. دىخانىنىڭ كىچىك بالىسى ئەكبەر ئاكىسىنىڭ ئەكسىچە ئىكەن، ئىنتايىن يۇۋاش ۋە تېجەشلىك ئىكەن. هەرگىز بىهۇدە پۇل خەجلىمەيدىكەن. ئۇ بىر كىچىك ساندۇق ياساپ، ئۈستىدىن تەڭگە پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىپ، دادىسى بەرگەن تەڭگىلەرنى شۇ تۆشۈكتىن ساندۇققا سېلىۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ بالا ساندۇقنى بىر قېتىممۇ ئېچىپ باقماپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ دىخان قېرىپ هالىدىن كېتىپتۇ ۋە ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى بالىسىنى ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ۋەسىيەت قىپتۇ:

— بالىلىرىم، كىچىكىڭلاردىن باشلاپ سىلەرنى تاپقان - تەرگىنىمنىڭ هەممىسىنى بېرىپ باقتىم. سىلەر ئەمدى چوپ - چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىڭلار. مەن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىلەرگە قالدۇرغۇدەك بىر نەرسەم يوق. مەن ئۆل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەندىن كېيىن ئىككىڭلار بار - يوقنى تەڭ خەجلەپ، تەڭ يەپ ئىناق ئۆتۈڭلار. ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەڭلار.

دىخان شۇنداق دەپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. دادىسى ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەسقەر ئەكبەرنى چاقىرىپ:

— ئۇكا، دادام ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ چىرىغى ئۆز ئۆيىمىزدە يورۇسۇن، سەنمۇ ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزەڭ ئال، — دەپ ئائىلىنى ئىككىگە بۆلۈپتۇ. ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، چوڭ ئۆيىنى ئۆزى ئېلىپ، كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئەكبەرگە بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەسقەر بىر - ئىككى يىلغا قالماي دادىسىدىن قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ يەپ تۈگىتىپ بوپتۇ. ھەتتا ئۆيىنىمۇ سېتىۋېتىپتۇ. ئەكبەر تېجەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۆيلىنىۋاپتۇ ھەمدە ئىككى باللىق بوپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىنتايىن ئىشلەمچان ئايال بولۇپ، ئېرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىكەن. بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قورا سېتىۋاپتۇ. تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ. بىراق، ھىلىقى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى زادىلا ئاچماپتۇ ۋە ھەر كۈنى بىردىن كۈمۈش تەڭگە تاشلاۋېرىپتۇ.

بىر يىلى بۇ يۇرتتا قاتتىق بوران ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ، قۇرغاقچىلىق بولۇپتۇ. ماللار قىرىلىپ تۈگەپتۇ. ئېتىزلاردىن بىر تال دانمۇ ئالغىلى بولماپتۇ. ئەسقەر يەي دېسە نان، كىيەي دېسە كىيىم، كىرەي دېسە ئۆي بولمىغاچقا تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەكبەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ ئەسقەرنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىۋاپتۇ ۋە ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى يېگۈزۈپ، تۇرمۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەسقەرنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپتۇ. «دادام ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا مىراس ماڭا كۆپ قالغان تۇرۇقلۇق مەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئىنىم كۈندىن-

گۆنگە باي بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بول-
سا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۇخلىغان بولۇپ كۆزىنى چىڭ
يۇمۇۋېلىپ ياتقان ئىكەن. ئەكبەرنىڭ ئايالى ئەكبەرگە:

— ئۆيدە، يەيدىغان نەرسە قالمىدى، قولىمىزدا پۇلمۇ قال-
مىدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ئەكبەر:

— ھېلىقى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان ۋاقىت ئەمدى كەلدى.
ئەتە ئۇنى ئېچىپ ئازراق ئاشلىق سېتىۋېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەسقەرنىڭ تاك ئاتقىچە ئۇيقۇسى كەلمەپ-
تۇ. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ،
يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەكبەرنىڭ ئايا-
لى ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەسقەر ئاستا كېلىپ ئىشىك-
نىڭ يوچۇغىدىن ماراپتۇ. ئەكبەرنىڭ ئايالى ساندۇقنى ئاچقان
ئىكەن، ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئازراق
پارچىلاپ ئاپتۇ - دە، ساندۇقنى مەھكەم ئېتىپ قويۇپ ئاشلىق
سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن
ئەسقەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ: «دادام بىزگە ئالتۇن قالدۇرۇپ
كەتكەن ئەمەس، بۇنى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ
ئىشنى پادىشاغا خەۋەر قىلسام چوقۇم ئالتۇننى تارتىۋېلىپ ئەكبەر-
نى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇ چاغدا ئۆي - ۋاقىسى ماڭا ئۆتكۈنچە قالىدۇ»
دەپ ئويلاپتۇ - دە، دەرھال پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشا ياساۋۇل-
لىرىنى بۇيرۇپتۇ، ئەكبەر ئالتۇن بىلەن ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پا-
دىشا ساندۇقتىكى ئالتۇننى كۆرۈپ:

— بۇنى قەيەردىن ئوغرىلىدىڭ؟ ئەگەر راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ زىندانغا تاشلايمەن، — دەپتۇ.

— بۇنى ھېچيەردىن ئوغرىلىغىنىم يوق، كېچىسىمدىن تارتىپ يىققان، — دەپتۇ ئەكبەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ يالغان ئېيتىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە ئەزەلدىن ئالتۇن ئىشلىتىپ باقمىغان. ئۇ بۇنى جەزمەن ئوغرىلىغان، — دەپتۇ ئەسقەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەپتۇ - دە:

— ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئەكبەر، — كىچىكىمىزدىن تارتىپ، دادام ھەر كۈنى ھەر بىرسىمىزگە بىردىن كۈمۈش تەڭگە بېرەتتى، مەن ئۇنى بۇزۇپ - چاچماي مۇشۇ ساندۇققا تاشلاپ قويۇۋەردىم. دادام ئۆلۈپ كېتىپ بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ قىلچە بەتخەجلىك قىلمىدىم. تاپقان تەڭگىلىرىمنى مۇشۇ ساندۇققا سېلىپ توپلاۋەردىم. بۇ قېتىم ئاچارچىلىق ئاپىتى بولغاندا يەيدىغانلىرىمىز تۈگەپ قالغانلىقتىن، بۇ ساندۇقنى ئاچتىم. مەن بۇ ئالتۇننى ئوغرىلىغان ئەمەس، بەلكى، نەچچە ئون يىل تېجەشلىك بىلەن قان - تەر سىڭدۈرۈپ ئەجرە قىلغاچقا ساندۇقتىكى كۈمۈش ئالتۇنغا ئايلانغان بولسا كېرەك.

پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە بۇ تېجەشلىك بالىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئوردىسىنىڭ خەزىنىچىلىكىگە تەيىنلەپتۇ. ئەسقەرنى بولسا ئۆزىنىڭ بار - يوقىنى بەتخەجلىك قىلىپ بۇزۇپ - چاچقانلىقى، يەنە ئۇكىسىغا بەتنام چاپلاپ، سۈيىقەست قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئۇنىڭدىن ۋاپا كەلمەيدىكەن» دەپ زىنىدانغا تاشلاپتۇ.

(«يېڭى قاشتېشى» نىڭ 1981- يىل 2- سانىدىن ئېلىندى).

رەتلىگۈچى: لەتىپ رازىق

## ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار

بۇرۇنقى زاماندا بىر نامرات بوۋاي ياشىغان ئىكەن. ئۇ يىل بويى ئىشلىسىمۇ، ئاخىرىدا ئارا - گۆرجەكنى قولتۇقلاپ قالىدىكەن. يەردىن چىققان ھەممە ھوسۇلى يەر ئىجارىسى ۋە پادىشالىق ئالۋاڭ - ياساقلار بىلەن تۈگەيدىكەن. بىچارە دىخان پۈتۈن دەرت - ئەلىمىنى «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار» دىگەن بىر جۈملە سۆزگە مۇجەسسەملەپ، كىلەر يىللىق دىخانچىلىق پەسلىگىچە مەھەللە ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن.

بوۋاي كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ بىر شەھەرگە كىلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ، ئادىمى كۆپ، بازىرى بەكمۇ ئاۋات ئىكەن. دىخان شەھەرنى ئارىلاپ ئىشىك - ئىشىككە كىلىپ: «ھەق ئامىن!» دەپ توۋلاپتۇ، بەرگەن سەدىقىنى ئېلىپ «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار، ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!» دىگىنىچە كېتىۋېرىپتۇ. سەدىقە بەرگۈچىلەر بوۋاينىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران بولۇشۇپ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي شەھەرنىڭ تېخىمۇ ئاۋات بىر كوچىسىغا كەپتۇ. ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر چوڭ ئىمارەتكە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىدىن سوراپتۇ:

— تەقسىر، بۇ كىمنىڭ سارىيى؟

— پادىشا ئوردىسى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يولۇچى. بۇ

گەپنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ كۆڭلى ئالغىلى قويمىغان بايلار ئۈستىدىن پادىشاغا ئەرز قىلغۇسى كەپتۇ - دە، ئۇدۇللا ئوردا دەرۋازىسىغا كەپتۇ. ئەمما نۆۋكەرلەر ئۇنى ئىچكىرىگە كىرگۈزمەپتۇ. بوۋاي:

— مەرھەمەت قىلىپ خان ئالىيلىرىغا مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىپ قويساڭلار، مېنىڭ ئەرزىم بار ئىدى، — دەپتۇ. نۆۋكەرلەر ئۇنىماپتۇ. بوۋايمۇ ئۆز تەلىۋىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئاخىرى، بوۋايدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نۆۋكەرلەر ئوردىغا كىرىپ مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە قايتىپ چىقىپ:

— خان ئالىيلىرى كىرسۇن، دىدى، — دەپتۇ.

بوۋاي خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئوردىغا كىرىپتۇ. ئوردىدىكى ھەشەمەتلىك جاھازلارغا، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەرخىل تون - سەرپالارغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغان ساراي ئەمەلدارلىرىغا ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ، ئاي پالتىلار بىلەن قوراللانغان لەشكەرلەركە قاراپ ھەيرانلىقتا گاڭگىراپ، پادىشاغا تازىم قىلىپ تىز چۆكۈشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ:

— كىم سەن؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. بوۋاي:

— مەن خەيرىچى... — دىيىشىگىلا، پادىشا خىزمەتكارىغا:

— ماڭ. ئەپچىق ! — دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار كىرىپ كېتىپ، بىر پەتنۇستا نان ۋە پارچە - پۇرات پۇللارنى ئەپ چىقىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتىرىپ:

— ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپتۇ - دە، سەدىقىنى خۇرجۇنغا سېپتۇ. نۆۋكەرلەر ئۇنى سۆرەشتۇرۇپ ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

بوۋاي ئەتىسى يەنە ئوردا ئالدىغا كەپتۇ. لېكىن ئوردىغا

كىرىشنى تەلەپ قىلماي پەقەت ئادىتى بويىچە: «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار، ھەق ئامىن» دەپتۇ. ئىشىكتىكى چاكار كىرىپ پادىشانىڭ سەدىقىسىنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئۆگۈنى يەنە كەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ غەزىپى كېلىپ خىزمەتكارىغا:

— دىۋانىغا سەدىقە بەرمەي ھەيدەش ئوردىنىڭ شەنىگە سەت ئىش. بۈگۈن ئاز - تولا نەرسە بېرىپ يولغا سېلىۋەت، ئاندىن ناۋايغا تاپىلاپ قوي، بۇ قەلەندەرگە ئاتاپ ئوغا سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ بىر توقاچ يېقىپ قويسۇن، يەنە كەلسە شۇنىلا بېرىڭلار، ئۆلۈپلا تۈگەشسۇن، — دەپتۇ.

بۇيرۇق بىجا كەلتۈرۈلۈپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي يەنە كېلىپ ئادىتىنى تەكرارلاپتۇ. خىزمەتكار كىرىپ كېتىپ، قىزىرىپ چىرايلىق پىشقان بىر توقاچنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. ئەمدى گەپنى ئاشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

پادىشانىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ ۋ قىلىشقا بەكمۇ ھەۋەسكار ئىكەن. بۇ قېتىم شاھزادە ئوۋدا ئۇزاق يۈرۈپ قالغاچقا ئوزۇغى تۈگەپ قاپتۇ. شەھەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىدا، شاھزادە چاپارمىنىگە: «يىگۈدەك بىر نەرسە تېپىپ كەل!» دەپ بۇيرۇپتۇ، چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى بوۋايغا ئۇچراپتۇ - دە:

— ھەي بوۋاي، سېنىڭ ئۆيۈڭ نەدىرەك؟ بىزگە ئازراق يەيدىغان نەرسە لازىم ئىدى، شاھزادىمىزنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ.

— بوۋاي دەررۇلا:

— تەقسىر، مېنىڭدە بىر ئاز نان بار، نەزەرلىرىگە مەلزۇر بولسا بېرەي، — دەپتۇ.

بۇ كەپنى ئاڭلىغان چاپارمەن بوۋاينىڭ خۇرجۇنىنى ئاختۇرۇپ، ھېلىقى پۈتۈن توقاچنى، قاپىقىدىكى سۇنى ئېلىپ شاھـزادىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قوسىقى ئېچىپ كەتكەن شاھزادىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ ـ دە، توغاچتەك قىزدۇرۇپ پىشقان تـوقاچنى ئىشتەي بىلەن يەپ، قاچىدىكى سۇنى سۇمۇرۇپتۇ. توقاچنى تۈگە تىپ يەپ بولمايلا شاھزادىنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ تولغىنىپ ۋاي ـ ۋايلاشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن نـۆكەرلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي شاھزادىنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. تېۋىپلار تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، شاھزادىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە ئۆلۈپتۇ. دۇنيالىقتىكى بىردىن ـ بىر يـالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىشا دەرھال نۆكەرلەرنى چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ نىمە يېگەنلىكىنى سوراپتۇ. نۆكەرلەر ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پادىشا دەررۇ بېرىپ شۇ بوۋاينى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ، نۆكەرلەر كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى بوۋاينى تېپىپ كەپتۇ.

— ئىت قېرى! مېنىڭ ئوغلۇمغا نىمە بەردىڭ؟! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ پادىشا.

— ئىنشائاللا پادىشاھىم، تۈنۈگۈن ئاللىرى ھەدىيە قىلغان توقاچنى تېخى يېمىگەن ئىدىم. بۈگۈن يولدا كېتىۋاتسام، بىر نۆكەر شاھزادىنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ قوسىقى ئېچىپ كەتتى، دەپ خۇرجۇنۇمنى ئاختۇرۇپ ئاشۇ پۈتۈن توقاچنى ئېلىۋالغان ئىدى، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشا «ئاھ» دەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكىرەپ يىغلاپتۇ:

— «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار» دىگەن گېپىڭ تـوغرا چىقتى. ساڭا مەن قەست قىلىۋىدىم، ئۆزەمگە يانىدى، ئاھ ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟!

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» نىڭ 1980- يىل 7- سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ھۆرنىسا تۇردى

## شەبنەم كۆزلۈك ئۈزۈك

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشانىڭ تەكەببۇر ۋە خەيالپەرەس بىر قىزى بار ئىكەن. قىز ئۆمرىنى كۈن بويى چارباغدا سەيلى قىلىپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالى تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەھەرنىڭ ھاۋاسىدا، بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى ئاڭلاپ سەيلە قىلماق بولۇپتۇ. باغدىكى رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرنى ئارىلاپ سەيلى قىلىپ يۈرۈپ، گۈللەرنىڭ ياپراقلىرىدا پارقىراپ تۇرغان سۈپ - سۈزۈك شەبنەم تامچىلىرىغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، دادىسىغا ئەنە شۇنداق شەبنەم تامچىسىدەك يالتىراپ ۋە لىغىلداپ تۇرىدىغان مەرۋايىت كۆزلۈك ئۈزۈك ياسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كىشى قويۇپتۇ.

قىز يالغۇز بولغىنى ئۈچۈن شاھ ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىۋىنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن. شاھ قول ئاستىدىكى شەھەرلەرنىڭ بارلىق زەرگارلىرىغا ئەنە شۇنداق شەبنەم كۆزلۈك ئۈزۈك ياساش، ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ياساپ كەلتۈرۈپ بەرمىسە، ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ.

مەملىكەت تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل زەرگارلار بۇنداق كۆزنى ياساش ئۈچۈن بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشلىتىپ تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ياسيالماپتۇ. شاھ ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولغىنىدا، ئۇشتۇمتۇت بىر كېلىشكەن ياش يىگىت پەيدا بولۇپتۇ - دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مانا مەن ياسىيالايمەن. مېنى قىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار، دەپتۇ، — يىگىتنى قىزنىڭ قېشىغا باشلاپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ يىگىت چوڭقۇر تازىم قىلىپ تۇرۇپ، — ياساماقچى بولغان ئۈزۈك كۆزىنىڭ نۇسخىسىنى نېمىدىن ئالىمەنكى؟

— گۈللەر بەرگىسىدىكى شەبنەمدىن! — دەپتۇ مەلىكە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، ئاشۇ شەبنەم تامچىسىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېلىپ بېرىڭىز، ئاندىن ياسىغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە گۈللەر بەرگىدە سىماپتەك تىترەپ، پارقىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرىنى قولىغا ئالماقچى بولۇپ قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ ئالالماپتۇ. شەبنەملەر قولىغا چىقماي چېچىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن قىزارغان ھالدا:

— ۋاي، شەبنەم تامچىسىنى تۇتقىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ! — دەپ تاشلاپتۇ.

— قول بىلەن تۇتقىلى بولمىغان نەرسىنى يەنە قول بىلەن قانداق ياسىغىلى بولىدۇ مەلىكەم؟ — دەپتۇ يىگىت كۈلۈپ.

مەلىكە ھېچنېمە دېيەلمەي قاپتۇ-دە، يىگىتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. ھاكاۋۇرلۇغىمۇ ئاللىقاياقلارغا يوقاپتۇ. يىگىتكە مۇلايىملىق بىلەن ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپتۇ.

تەلۋە قىزنىڭ مۇنچىلىك تېزلىكتە ئۆزگىرىپ، مۇلايىملىشىپ كەتكىنىدىن مەمنۇن بولغان شاھ، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ قېنىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىنى توساپ قالغان بۇ گۈزەل، ئەقىللىق، باتۇر

يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ - دە، چوڭ توي قىلىپ، قىزىنى ئۇنىڭ
غا نىكالاپ قويۇپتۇ، بىرقانچە ۋاقىتلاردىن كېيىن پادىشا قېرىپ،
ئورنىنى كۈيوغلىغا بېرىپتۇ. يىگىت بىلەن مەلىكە بەختلىك
ئۆمۈر كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى بېخىل

بۇرۇنقى زاماندا ساقى ۋە باقى دېگەن ئىككى بېخىل ئۆتكەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىسى سودا ئىشى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ ۋە ساقىنىڭ بىر تەڭگىسى باقىغا ئۆتۈپ قاپتۇ. ساقىنىڭ ئاشۇ بىر تەڭگە ئۈچۈن زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. باقىمۇ نائىنساپلىق قىلىپ «بۈگۈن»، «ئەتە» دەپ تەڭگىنى بەرمەي، ئۈچ - تۆت يىلنىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ.

ساقىنىڭ قەرزنى سۈيلەپ كېلىشىنى سەزگەن باقى بىر كۈنى بالىلىرىنى يىغىپ:

— بۈگۈن يا ئەتە بىرى قەرز سۈيلەپ كېلىدۇ، ئىشىكنى قېقىشىغا مېنى «ئۆلدى» قىلىپ، يۈزۈمنى يېپىپ قويۇپ «ۋاي دادا» دەپ يىغلاپ ئالدىغا چىقىڭلار. ئۇنى ئۇزۇن تۇرغۇزماي يولغا سېلىڭلار، — دەپ جېكىپتۇ.

دېگەندەك بىر قانچە كۈندىن كېيىن ساقى قەرز سۈيلەپ دەرۋازا قېقىپتۇ. باقىنىڭ پايلاپ تۇرغان بالىلىرى تاپشۇرۇق بويىچە «ۋاي دادا ...» دېيىشىپ ئالدىغا چىقىشىپتۇ.

بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ساقى دەرھال «ۋاي بۇرادىرىم، ياش كەتكەن قېرىندىشىم» دەپ يىغلاپ، ئۆزىنى باقىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئاغزى - بۇرنىنى چىڭ بېسىۋاپتۇ. باقى چىدىيالماي مىدىرلاپ ساپتۇ. ساقى شۇ ھامان:

— ئاداش پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭلار، — دەپتۇ. باقى جىم يېتىۋاپتۇ.

ساقى چاندۇرماي باقىنى قاتتىق چىمداپتۇ. باقى كۆزىنى ئېچىپتۇ، ساقى:

— ئاداش پۇلۇمنى بىرىۋېتىڭلار! — دەپتىكەن، باقى دەرھاللا كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپتۇ ساقى ھىلە ئىشلىتىپ، — داداڭلارنى ۋاقتىدا يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى. بولمىسا گۇنالىق بولۇپ قالىمىز. مەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى، ئۇ ھايات چېغىدا قايسىمىز بالدۇر ئۆلسەك، ھايات قالغىنىمىز يۇيۇشنى ۋەدە قىلىشقان ئىدۇق، ۋەدىنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ.

ئۇ، شۇنداق دەپ يۇيۇدىغانغا سۇ ئىسسىتىپ بىرىشنى تاپىلاپتۇ ۋە «سۇ ناھايىتى ئىسسىق بولسۇن!» دىگەنىنىمۇ تەكىتلەپتۇ. ئىشلىرىنىڭ چېنىپ قېلىشىدىن ۋە ساقىنىڭ ئۆيدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن باقىنىڭ بالىلىرى ئويلاپ تۇرۇشمايلا دەرھال بىر قازان سۇ قاينىتىپ ئېلىپ كەپتۇ. ساقى قىزىق سۇنى باقىنىڭ ئۈستىگە قۇيغىلى تۇرغان ئىكەن، باقىنىڭ بەدىنى كۆيۈپ تېرىلىرى سۇيۇلۇپ چىقىپتۇ، ئاخىرى چىدالماي «ۋايجان» دەپ ساپتۇ، ساقى:

— ئاداش پۇلۇمنى بىرىۋېتىڭلار، — دەپتۇ. باقى يەنە كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ساقى ئاخىر باقىنى يەرلىككە قويۇپتۇ. ساقى:

«ئاغىنەم بىلەن قايسىمىز بالدۇر ئۆلسەك ھايات قالغىنىمىز تۇپراق بېشىدا تۈنەپ خەتمە - قۇرئان قىلىشقا ۋەدىلەشكەن» دەپ تۇپراق بېشىدا يالغۇز قاپتۇ. يەرلىكنىڭ ئاغزىنىمۇ ئەتكىلىمۇ قويماپتۇ. تۈن كېچە بولغاندا باقىنىڭ قوسىغى ئېچىپ كېتىپ چىدىيالماي يەرلىكتىن باش چىقىرىشىغا ساقى:

— ئاداش، پۇلۇمنى بىرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ. باقى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېتىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا سىرتتىن بىر گۈلدۈر - گالاپنىڭ شەپىسى كەپتۇ. ھەر ئىككىلا بېخىل قورققىنىدىن «جىنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن بىر توپ بەت - بەشىرە ئادەملەرگە يولۇقۇپتۇ. بۇلار ئوغرىلار بولۇپ ئولجا ئىزلەپ بارغان يېرىدىن قۇرۇق قول قايتىشقان ئىكەن. ئۇلار ئىككى بېخىلنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئىككى بېخىلنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تالىشىپ، ئۇيانغا تارتىپ، بۇيانغا تارتىپ يۈرۈپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1981 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.)
رەتلىگۈچى: پاتىمە قاسىم

## هاماقەتنىڭ خىيالى

بۇرۇنقى زاماندا، بىر هاماقەت ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى، قىلمىقلىرى كۈلكىلىك ئىكەن. هاماقەت كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا مېڭىپتۇ. كېتىۋاتسا، بىر توپ جىغانىنىڭ سايىسىدە بىر توشقان ئۇخلاپ ياتقۇدەك. بۇ توشقاننى كۆرگەن هاماقەت، دەرهاللا چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ. ئۇ ئويلاپتۇ: «توشقاننى تۇيدۇرماستىن تۇتۇۋالسام، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا بىر مىكيان ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغۇپ تۇرسا، تۇخۇملارنى يىغىپ بىر تالاي چۆجىلەرنى چىقارتسام، ئۇنىڭ پۇلىغا بىر پاخلان ئالسام پاخلىنىم چوڭىيىپ هەر يىلى بىر قانچىنى قوزىلىسا، قوي - قوزىلارنى سېتىپ، موزايلىق كالا ئالسام، مانا شۇ چاغدا سۈت - قايماق ئىچىپ هۇزۇرلىنىپ، قېتىق سېتىپ پۇل يىغىپ خېلى باي بولۇپمۇ قالىدىكەنمەن، يەنە تايچاقتىن بىرنى سېتىۋالسام...»

ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئۆزىگە بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ - دە، ئايالىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ، ئوتۇنغا بارماي ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ، ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ئالدى بىلەن تاي ئالماقچى بولغانلىقىنى خوتۇنىغا دەپتۇ. ئېرىدىن بۇ خەيرىلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان ئايالى خوشاللىقىدىن سەكرەشكە باشلاپتۇ - دە،

— شۇ تاينى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئازنىلىقا بارغاندا مىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارىمەن، — دەپتۇ ئېرىگە رەھمەت ياغدۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاماقەتنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەپتۇكى، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە:

— ھە؟! چىش يىمىگەن تايىنى ئاناڭنىڭكىگە مىنىپ بارساڭ بىلى سۇنۇپ كەتمەمدۇ؟! — دەپ، قاتتىق ئۇرۇپ خوتۇنىنىڭ بىلىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ھاماقەت شۇ ئەسنادا يەنە جاڭگالغا قاراپ يول ساپتۇ. ئۇ بايىقى يەرگە بېرىپ تۇشقاننى تۇتاي دەپ قارىسا توشقان ئاللىقاچان ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ئىكەن. خىيالى بەربات بولغان ھاماقەت ئاچچىقىدا ئۇتۇنىمۇ ئالماي ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلى سۇنغان خوتۇنىنى ئانىسى كېلىپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەل ـ مەھەللە خۇ-لۇم ـ خوشنىلار ھاماقەتنى زاڭلىق قىلىپ شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ-تۇكى، ھاماقەتنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولۇپتۇ. ھاماقەت ئۆزىنى كاچاتلاپ پۇشايمان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاماقەتلىك نامى، قىلغان «تۆھپە»سى ئەل ئىچىدە پۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت ئابدۇللا

# ئۈچ ھورۇن

ئۆتكەن زاماندا ئۈچ ھورۇن دوست بولۇشۇپ ياشىغان ئىكەن. ئۇلار ئەزمە ۋە بەسخور ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھورۇنلۇقى شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئۇلار ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلاشنىمۇ ھار ئالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، بىكار يۈرۈشۈپ بەكمۇ زېرىكىپ كەتكەن بۇ ئۈچ ھورۇن، تاماشا قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئارقىغا بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ سەھراغا مېڭىپتۇ. ئۇلار يولدا ھېرىپ كېتىپ، بىر ئۆستەڭ بويىغا يېقىن يەردە توختاپتۇ. دەل شۇ چاغدا يولدىن قېتىق كۆتەرگەن بىر بالا ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا بىر قانچە نانمۇ بار ئىكەن. قارنى ئېچىپ ھالى قالمىغان ھورۇنلار پۇل چىقىرىشىپ، بىر نان، بىر قاچا قېتىق سېتىۋاپتۇ. قولىنى يۇيۇشقا توغرا كەپتۇ.

— سەن سۇ ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ بىرىنچى ھورۇن ئىككىنچىسىنى.

— مەن نىمىشقا ئەپكېلەتتىم؟ سۇنى ماۋۇ ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ ئىككىنچى ھورۇن ئۈچىنچىسىنى كۆرسىتىپ.

— مەنما؟! — دەپتۇ ھەر ئىككىسىگە ئالىيىپ ئۈچىنچى ھورۇن، — سۇنى يالغۇزلا مەن ئىشلىتەمتىم؟ مەن سىلەرنىڭ غالچاڭلارمىدىم؟ مۇنۇ ئىتنى بۇيرۇڭلار!

ئىت يەرۋاسىز يېتىۋېرىپتۇ.

ھورۇنلار سۇ ئەپكېلىشكە بىر - بىرىنى بۇيرۇپ، جاڭجال قىلىشىپ كۈننى كەچ قىلىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار «كىم كەپ قىلسا ياكى مىدىرلىسا سۇنى شۇ ئەپكەلسۇن» دېگەن شەرتكە ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ھورۇنلار سۇ ئېلىپ كېلىشتىن قورقۇپ، قېتىپ قالغاندەك، مىت قىلماي ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار چوكراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماپتۇ. زېرىكىپ، ئېچىقاپ كەتكەن ئىت ھورۇنلار ئىشتىھا ساقلاپ تۇرغان نان بىلەن قېتىقنى پاك - پاكىز سوقۇۋېتىپتۇ. ئەمما قوسىغى تويماپتۇ. ئۇ راسا بىر كېرىلىۋېتىپ، ھورۇنلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى ھەدەپ يالاشقا باشلاپتۇ. ئىت بىر مەھەل يالىغاندىن كېيىن ھورۇنلارنىڭ بىرى قورقۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ «چاغە! ... چاغ!» دەپ ۋاقىراپ تاشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاران تۇرغان ئىككى ھورۇن:

— ھە...سۇنى ئەمدى سەن ئەپ كېلىدىغان بولدۇڭ! — دەپ چوقان كۆتىرىشىپتۇ.

(«يېڭسار ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ئىسمائىل

## كەنجى باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ ئاكا - ئۇكا بولغان ئىكەن. چوڭىنىڭ ئېتى ئاسىم، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتى قاسىم، كەنجىسىنىڭ ئېتى هاشىم ئىكەن.

ئاسىم ئىلمى نۇجۇمغا ماھىر بولۇپ، يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇرئە ئاچالايدىكەن. كىشىلەرنىڭ بەخت - تەلىيىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. شۇڭا ئۇ ئەل ئىچىدە «يۇلتۇز سانار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

قاسىم داۋالغۇپ، قۇتراپ ئېقىۋاتقان ھەر قانداق چوڭ ۋە ئىتتىك دەريانىڭ سۈيىنى توختىتىپ، يەنە ئېقىنغا سالالايدىكەن. شۇڭا ئۇنى «دەريا باغلار» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ھاشىم ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، پالۋان يىگىت بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «كەنجى باتۇر» دەپ ئاتىشىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئۈچ ئاكا - ئۇكا سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار يول مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. يولدا چوڭ بىر قورغانغا ئۇچراپتۇ. قورغاننىڭ تاملىرى ئۈستىدە كىشىلەر كۆپ ئىكەن. ئاكا - ئۇكىلار ھەيران بولۇشۇپ بىرىسىدىن:

— بۇ يەردە نېمە ۋەقە بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ قورغاندا ئەجدىھا بار. ئۇنىڭ يېمىگى ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر كالا ۋە بىر بالا بېرىمىز. بۈگۈنكى نۆۋەت پادىشاي-مىزنىڭ يەككە - يېگانە قىزىغا كەلگەن، — دەپتۇ ھېلىقى كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كەنجى باتۇر ئاكىسىغا قاراپ:
— سىلەر شەھەرگە كىرىپ، بىرەر چايخانىدا دەم ئېلىڭلار. مەن ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىپ كۆرەي. يەڭسەم ئۇچرىشىمىز، ھالاك بولسام قازاغا - رىزا، ئەلۋىدا! — دەپتۇ.
كەنجى باتۇر قورغان تېمىغا چىقىپ قارىسا، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كالا بىلەن بىر قىز تۇرغۇدەك.
كەنجى باتۇر سەكرەپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. مەلىكە بۇ يات يىگىتنى كۆرۈپ:
— قايتىپ كېتىڭ، ئەجدىھاغا يەم بولىسىز! — دەپ ۋاقىراپتۇ.
كەنجى باتۇر بۇ گەپكە پىسەنت قىلماستىن، قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزنى بوشىتىپ قورغان سېپىلىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ ۋە:
— سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. سىزنى يەيدىغان ئەجدىھا مېنى يىسۇن! — دەپتۇ - دە، ئۆزى بېرىپ قىزنىڭ ئورنىدا تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا، بىردىنلا قاتتىق بوران بىلەن قويۇن كۆتىرىلىپتۇ. بۇ ئەجدىھانىڭ ھەيۋىسى ئىكەن. ئەجدىھا ئېتىلىپ كېلىپ كالىنى بىر دەم تارتىپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. كەنجى باتۇر قورقماستىن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تىك تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا ئۇنىمۇ دەم تارتىپتۇ. كەنجى باتۇر قىلىچىنى تىك تۇتقان ھالدا ئەجدىھانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قورغان ئۈستىدىكى خالايىق بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتكىنىگە تولىمۇ ئېچىنىپتۇ. ئارقىدىنلا باتۇرنىڭ ساپ - ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن چۇقان كۆتىرىشىپتۇ ۋە يىگىتنى مەدھىيىلىشىپتۇ. كەنجى باتۇر ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ.
ياش مەلىكە پادىشانىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە، شاھ

ھەيران بولۇپ:
— ئەجدىھانى كىم ئۆلتۈردى، قىزىم؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىر مۇساپىر يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە ۋە ھەممە ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— سەن ئۇ يىگىتنى تونۇمسەن؟
— كۆرسەم تونۇيمەن.
شاھ شەھەردىكى يەتتە ياشلاردىن يەتمىش ياشلارغىچە ھەممە كىشىنىڭ شاھ راۋىقى ئالدىدىن ئۆتۈشىنى بويرۇپتۇ. راۋاق ئۈستىدە مەلىكە ئالما تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.
راۋاق ئالدىدىن شەھەر كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپتۇ. نۆۋەت ئۈچ ئاكا - ئۇكىغا كەلگەندە، مەلىكە قولىدىكى ئالمىنى كەنجى باتۇرغا قارىتىپ ئېتىپتۇ.
شاھنىڭ مۇلازىملىرى كەنجى باتۇرنى يولىغا پايانداز سېلىپ، تەختى - راۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ سارايغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ. پادىشا قىرىق - كېچە كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى كۈيوغۇلغا زەردىن تىكىلگەن تون كىيگۈزۈلىدىغان چاغدا:
— سىلەرنىڭ ئادىتىڭلار بويىچە توننى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئېتىگىدىن؟ — دەپ سوراپتۇ كەنجى باتۇر.
— ئەلۋەتتە ياقىسىدىن. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شاھ.
— ئۇنداق بولسا توننى چوڭ ئاكامغا كىيدۈرۈڭلار، مەلىكە ئاكامنىڭكى، ئاكىسى قېلىپ، ئىنىسىنىڭ ئۆيلىنىشى ئادىمىگەرچىلىككە خىلاپ، دەپتۇ كەنجى باتۇر. شاھ ئۇنىڭ ئالىجاناپلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. مەلىكىنى يۇلتۇز سانار ئاسىم ئېلىپ بىرىنچى ۋەزىر بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ.
توي‌دىن كېيىن كەنجى باتۇر بىلەن دىريا باغلار قاسىم سەيرىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ.

ئۇلارغا يولدا چوڭ بىر تۆگمەن تېشى ئۇچراپتۇ. كەنجى باتۇر كۈچىنى سىناپ، تاشنى كۆتىرىپتۇ. تاش ئاستىدا نۇرغۇن چۈمۈلىلەر بېسىلىپ ياتقان ئىكەن. تاش ئاستىدىن ئازات بولغان چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسى تىلغا كىرىپ:

— ھەي پالۋان يىگىت، بىزنى بۇ تاش ئاستىدىن ئازات قىلدىڭ، ساڭا كۆپ رەھمەت. بىزمۇ سېنىڭ ھاجىتىڭگە ياراپ قالارمىز. ساڭا تۇتاتقۇ بېرەي، بېشىڭغا قەيەردە مۈشكۈلات چۈشسە، شۇنى كۆيدۈرگىن. مەن ئالدىڭدا دەرھال پەيدا بولىمەن، — دەپتۇ.

ئىككى ئاكا - ئۇكا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ ساھىپجامال بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ شاھزادە، بەگزادىلىرى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن شاھ ئەلچىلەرگە ئىككى تۈرلۈك شەرت قويىدىكەن.

— بىرىنجى شەرتىم، چوڭ دادامدىن قالغان بىر ناغرام بار، — دەيدىكەن شاھ، — كىمكى بۇ ناغرىنى بىر تېپىپ يارالىسا، ئىككىنچى شەرتىم، ئىككى تاغار تېرىق قاچىلاپ، ئاختامىغا چاچىمەن. كىمكى شۇنى بىر تالدىن تېرىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تاغارغا قاچىلىيالىسا قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.

ھېچكىم بۇ شەرتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماپتۇ.

بۇ ئىككى شەرتنى كەنجى باتۇر ئورۇنلىماقچى بوپتۇ. داقا-دۇمباق چېلىنىپتۇ. جاكاچىلار ھەر تەرەپكە چېپىشىپتۇ. ئوردىغا تاماشىچىلار توپلىشىپتۇ. شاھ ناغرىسىنى خالايىق توپلاشقان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. كەنجى باتۇر جامائەتكە تازىم قىلىپ، ئاندىن ناغرىنى كۈچەپ بىر تەپكەن ئىكەن، ناغرا «پاقىقىدە» يېرىلىپ كېتىپتۇ. كاناي، سۇناي چېلىنىپ چۇقان-سۈرەن كۆتىرىلىپتۇ. كېيىن ئىككىنچى شەرت بويىچە، لىق قاچىلانغان ئىككى تاغار تېرىق كەلتۈرۈلۈپ ئاختامىغا چېچىلىپتۇ.

كەنجى باتۇر چۆمۈلە پادىشاسى بەرگەن تۇتاتقۇنى تۇتاشتۇرغان ئىكەن، چۆمۈلىلەر پادىشاسى دەرھال پەيدا بولۇپ:

— ھەي پالۋان يىگىت، بېشىڭغا نىمە كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ كەنجى باتۇر ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن:

— ئاختامغا چېچىلغان تېرىقنى توپىدىن ئاجرىتىپ - تېرىشىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

چۆمۈلىلە پادىشاسىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتكەن تېرىقلارنى بىر - بىرلەپ تېرىپ تاغارغا قاچىلاپ بېرىشىپتۇ.

بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن شاھ ناھايىتى خوشال بوپتۇ-دە، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنجى كۈنى كىمخاپ تونىنى كىيدۈرمەكچى بولغىنىدا كەنجى باتۇر:

— خالايىق، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا چاپاننى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئىتىكىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي يىگىت، تونىنى ياقىسىدىن كىيمەي ئىتىكىدىن كىيەمتى؟ — دېيىشىپتۇ ئەمەلدارلار.

— ئۇنداق بولسا تونىنى ئاكامغا تۇتۇڭلار، قىزمۇ ئاكامغا بېرىلىشى كېرەك، — دەپتۇ كەنجى باتۇر.

شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى دەريا باغلار قاسىمغا بېرىپتۇ. پادىشا ئۇنى باش خەزىنىچى قىلىپ بەلگىلەپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەنجى باتۇر ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولىنى داۋام قىلىپتۇ. چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا، تاغلاردىن ئېشىپ بىر قورغانغا يولۇقۇپتۇ. قورغاندىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، كالپۇكلىرى يېرىلغان، چىشلىرى گۈرجەكتەك، قۇلاقلىرى چېلەكتەك، تىرناقلىرى بىلەكتەك، قوللىرىدىن قان تېمىپ تۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان بىر بەت - بەشىرە يالماۋۇز موماي چىقىپتۇ ۋە:

— خۇدا يەتكۈزگەن رىسقىمدىن ئۆرگىلەي!— دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ - دە، كەنجى باتۇرغا ئېتىلىپتۇ. كەنجى باتۇر قىلىچە قورقماستىن قولىغا قىلىچ ئاپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، ئاخىرى يالماۋۇزنى يىقىتىپ، بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. كېيىن قورغانغا كىرىپتۇ. قورغاننىڭ ئىچىدە تولىمۇ چىرايلىق، چولپان ئىسىملىك بىر قىز قەپەزگە سولاپ قويۇلغان ئىكەن. كەنجى باتۇر قىزنى قەپەزدىن ئازات قىپتۇ.

— خۇش كەپسىز ئەي باتۇر يىگىت،— دەپتۇ قىز كۈلۈپ، — مېنى يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدىڭىز. سىزدىن ئۆلگىچە مىننەتدارمەن.

كەنجى باتۇر قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ، قوڭغۇراقتەك ساپ ۋە يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاشىق - بىقارار بوپتۇ ۋە: «مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار قورغاننى ماكان قىلىشىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يالماۋۇز مومايىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى سەرەندۇت شەھىرىنىڭ پادىشاسى كۆك تۆمۈر شاھنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ئىلگىرى چولپان قىزغا كۆيۈپ يۈرگەن كۆك تۆمۈر شاھقا جان كىرىپ، قىزنى قولغا چۈشۈرمەككە پىلان قۇرۇپتۇ.

— كىمكى چولپان گۈلنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن! — دەپ جاكالاپتۇ كۆك تۆمۈر شاھ.

شاھنىڭ جاكاسىنى ئاڭلىغان بىر جادىگەر موماي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ماڭا بىر ھارۋا، بىر تۆمۈر ساندۇق، لەخمە كولايدىغان ئەسۋاپ، بىر ھارۋىكەش ۋە ئۈچ ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈك ھازىر-

لاپ بېرىڭ. چولپاننى مەن ئېلىپ كېلىمەن، — دەپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

كۆك تۆمۈر شاھ دەرھاللا جادىگەر مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەييارلاپ بېرىپتۇ.

جادىگەر موماي يولغا چىقىپتۇ. قورغانغا يېرىم كۈنلۈك يول قالغاندا جادىگەر موماي:

— ھەي ھارۋىكەش! مېنىڭ پۇت - قولۇمنى باغلاپ، كەنجى باتۇر ماڭىدىغان چوڭ يولغا تاشلاپ كەل، ئۆزەڭ مۇشۇ ئەتراپتا كۈتۈپ تۇر، — دەپتۇ.

شۇ كېچىسى كەنجى باتۇر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆرۈپتۇ: بىر كىشى: «ئەي كەنجىۋاي، سەن يېنىڭدىكى ئىسپان قىلىچىڭدىن ئايرىلما. سېنىڭ شەمشىرىڭ قاچان يوقالسا، سەن شۇ كۈنىلا ئۆلىسەن!» دېگۈدەك. كەنجى باتۇر چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا چۈشى ئىكەن. كەنجى باتۇرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولۇپتۇ. كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇۋۇ قىلىش بىلەن باسماقچى بولۇپ جاڭگالغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىپ بېرىپ يول بو- يىدا ۋاي - ۋايلاپ ياتقان مومايىنى كۆرۈپتۇ دە، - دەرھال قېشىغا بېرىپتۇ. مومايىنىڭ قول - پۇتلىرىنى يېشىپ گەپ سوراپتۇ.

— ھەي بالام، — دەپتۇ موماي داتلاپ تۇرۇپ، — نېمىسىنى سورايسەن؟ پەرزەنت دەردىدە كۆيگەن دىلى ئۆزۈك ئانىمەن. دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنى ئۆيلىگەن ئىدىم. كې- لىنىمنىڭ نىيىتى يامان چىقىپ قالدى. ئۇ ئوغلۇم بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ: «يە ئاناڭنى دېگىن، يە مېنى دېگىن. ئاناڭنى دېسەڭ مېنىڭ خېتىمنى بەر، مېنى دېسەڭ ئاناڭنى كۆزۈمدىن يوقات!» دېدى. ئوغلۇم كېلىنىمنىڭ گېپىگە كىرىپ، مېنى مۇ- شۇ كۈنگە سېلىپ، چۆلگە تاشلاپ كەتتى.

كەنجى باتۇرنىڭ مومايغا رەھمى كېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى قانداق قىلماقچى سىز ئانا؟ —
دەپ سوراپتۇ. موماي يىغلاپ تۇرۇپ:
— بارار - تۇرار جايىم يوق، چۆل بۆرىلىرىگە يەم
بولماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق، — دەپتۇ.
— ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتسەم ماڭا ئانا بولۇپ تۇرامسىز؟ —
دەپ سوراپتۇ كەنجى باتۇر.
— خالىسامدىغان ئوغلۇم، نىمە خىزمەتكە بۇيرۇساڭ جىب-
تىم بىلەن قىلاتتىم، — دەپتۇ موماي يىلىنىپ.
كەنجى باتۇر مومايىنى ئەگەشتۈرۈپ قورغانغا ئېلىپ كەپتۇ.
مومايىنى كۆرگەن هامان چولپاننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، بەدىنى جۇ-
غۇلداپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى سەزگەن كەنجى باتۇر:
— ساڭا نىمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ قېرىنى كۆك تۆمۈر شاھ ئەۋەتتىمىكىن، دەپ قور-
قۇپ كەتتىم، — دەپتۇ چولپانگۈل.
— قورقمىغىن، — دەپتۇ كەنجى باتۇر چولپانگۈلگە تەسەل-
لى بېرىپ، — سىناپ كۆرەيلى، ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان
بولسا بېشىنى يەر...
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. موماي كۈندۈزلىرى چاندۇرماستىن ئۆي
ئىشلىرىنى بېجىرىپ يۈرسىمۇ، كېچىلىرى تىنىم تاپماي ئۆز هوج-
رىسىدىن كەنجى باتۇرنىڭ سارىيىغا لەخمە كولاشقا كىرىشىپتۇ.
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لەخمە تەييار بولۇپتۇ. مانا شۇندىن
كېيىن كەنجى باتۇر بىلەن خوتۇنى ئارىسىدا بولغان هەممە
گەپ - سۆزلەردىن خەۋەردار بولۇۋېرىپتۇ.
موماي كەنجى باتۇرنىڭ رەھىمدىللىگىنى ماختاپ، چول-
پانگۈلنىڭ بەختلىك ئىكەنلىگىنى داڭلاپ، ئاخىرى ياش ئايال-
نى ئۆزىگە قارىتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى چولپانگۈلدىن:
— بالام پالۋانلارنىڭ جېنى تېنىدە بولمايدۇ. كەنجى با-

تۇرنىڭ جېنى نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. چولپانگۈل بىلمەيدىكەن. موماي ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ:

— بۇ سىرنى شۇ كەمگىچە سىزگە ئېيتمىغان بولسا، سىزنى چىن كۆڭلى بىلەن ياخشى كۆرمەيدىكەن. سىزگە ئىشەنمەيدىكەن، — دەپتۇ ۋە كەچتە سوراپ كۆرۈشنى تاپىلاپتۇ.

كەچتە كەنجى باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە چولپانگۈل ئۇنىڭ جېنىنى سوراپتۇ. كەنجى باتۇر ئېيتمىغان ئىكەن، چولپانگۈل يامانلاپ:

— ماڭا ئىشەنسىڭىز ۋە مېنى ھەقىقى ياخشى كۆرسىڭىز ئېيتىپ بېرىڭ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— مانا مۇشۇ شەمشەردە، — دەپتۇ كەنجى باتۇر ئىلاجسىز، — بۇ سىرنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرىپ سالغۇچى بولما!

لەخمە ئىچىدە تىڭشاپ ياتقان موماي بۇنى ئاڭلاۋاپتۇ. ئۇ تۈن تەڭ بولغاندا، ئەر-خوتۇنلارنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ سارايغا كىرىپتۇ-دە، شەمشەرنى ئېلىپ چىقىپ، قورغان يېنىدىكى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، چولپانگۈل تۇرۇپ قارىسا باتۇر قېتىپ ياتقۇدەك. چولپانگۈل بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشۈپ مومايىنى چاقىرىپتۇ. يىغا-زارە باشلىنىپتۇ. چولپانگۈل دات-پەرياد كۆتۈرۈپ زار قاخشاپتۇ. موماي ھېلىگەرلىك بىلەن:

— قىزىم قازاغا رىزا بولماقتىن ئۆزگە چارە يوق. ئەمدى ئۇنى كۆمەيلى، — دەپتۇ.

— ياق، قىرىق بىر كۈن ساقلايمەن، — دەپتۇ. چولپانگۈل ۋە قولىدىكى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكىنى كەنجى باتۇرنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى دەريا بويىغا چىقىپ كۆز يېشى قىپتۇ. موماي:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— يۈرۈڭ قىزىم، يېزىغا بېرىپ، بىرەر تىنۇپ چاقىرىپ كۆرسە-
تىپ كۆرەيلى،— دەپتۇ. مانا شۇ ئۇسۇل بىلەن موماي ئۇنى هار-
ۋىكەشنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. هارۋىكەش چولپانگۈلنى تـۇ-
تۇپ، پۇت - قولىنى باغلاپ ساندۇققا ساپتۇ - دە، كـۆك تۆ-
مۈر شاهنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كېتىپتۇ...
يۇلتۇزلارنىڭ قالايمىقان ئۇچۇشى يـۇلتۇز سانار ئاسمىنىڭ
كۆڭلىگە ئەندىشە سالپتۇ. شۇڭا ئۇ: «ئۇكىلىرىمدىن خەۋەر ئالاي.
ئۇلارغا بىرگەپ بولغانغا ئوخشايدۇ» دەپ يارامىلىق قىرىق يىگىت
بىلەن يولغا چىقىپتۇ.
سۇلارنىڭ لايقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگـەن دەريا باغـلار
قاسىم: «ئۇكامغا بىرەر خـەۋپ - خەتەر بولغانغـا ئوخشايـدۇ.»
دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇمۇ قىرىق يىگىت بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتـۇ.
يولـدا ئىككى ئاكا - ئۇكا ئۇچرىشىپ كەنجى باتۇر كەتكەن يول
بىلەن مېڭىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. يۇلتۇزلار چىقىشقا باشلاپتۇ. دەريا باغلار:
— يۇلتۇزلارغا قارىغىنا ئاكا، كەنجىمىزنىڭ يۇلتۇزى نىمىنى
كۆرسىتىدىكىن!؟— دەپتۇ. يۇلتۇز سانار ئاسمانغا قاراپ ئىشنىڭ
خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى قامچىلاپ چېـ-
پىشىپتۇ. ئۇلار قورغان ياقىسىدىكى دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ.
— ئۇكام، دەريانـى باغلا!— دەپتۇ يۇلتۇز سانار.
دەريا باغلىنىپتۇ. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا كەنجـى با-
تۇرنىڭ شەمشىرىنى تېپىۋاپتۇ. ئۇلار شەمشەرنى ئېلىپ قورغانغـا
كىرىپتۇ. قورغان ئىچىدىكى قىرىق هوجرىنىڭ هەممىسى قـۇلـۇپـ-
لاقلـىق ئىكەن. كېيىن چوڭ سارايىنى ئېچىپ قارىسـا كەنـجـى
باتـۇر سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. ئاكىلىرى شەمشەرنـى ئۇنىڭ يېنـىغا
قويغاندىن كېيىن كەنجى باتۇر قاتتىق بىر چۈشكـۈرۈپ ئورنى-
دىن تۇرۇپتۇ، ئاكىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىـپ كـۆرۈشـۈپتـۇ ۋە
ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ:

— چولپانگۈل، مېھمانلىرىمنى كۈتۈۋال!— دەپ ۋاقىراپتۇ.

لېكىن ھېچقانداق جاۋاپ بولماپتۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، دەرھاللا:

— قەدىردان ئاكىلىرىم، بۇ جادىگەر موماينىڭ ئىشى. مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭلار! — دەپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا يىگىتلەرنى باشلاپ، كۆك تۆمۈر شاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

قىرىق كۈن دېگەندە كۆك تۆمۈر شاھنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ بارغاندا داقا - دۇمباق، كارناي - سۇناي ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ كۆك تۆمۈر شاھنىڭ مەرىكىسى ئىكەن.

— مانا توپغا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمىز، — دەپتۇ كەنجى باتۇر ۋە ئاكىلىرىنى بىر پىنھاندا قالدۇرۇپ، ئۆزى شاھنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ. بىر كېنىزەك كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتقان ئىكەن. كېنىزەكتىن:

— سىلەر سۇنى قەيەرگە ئېلىپ كىرىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— چولپانگۈلنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كېنىزەك.

كەنجى باتۇر قولىدىكى ئۈزۈكنى ئاپتۇۋىغا سېلىپ، كېنىزەككە بىر تىللا بېرىپ:

— دەسلەپتە مېھمانلارغا، ئەڭ ئاخىرىدا كېلىنىنىڭ قولىغا سۇ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ كېنىزەك خوشال بولۇپ ۋە ئىچكىرى كىرىپ كېتىپتۇ. كېنىزەك ئەڭ ئاخىرىدا چولپانگۈلنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇۋاتقاندا ئۇنىڭ قولىغا سۇ بىلەن تەڭ ئۈزۈك چۈشۈپتۇ. قارىسا ئۆزى كەنجى باتۇرنىڭ قولىغا سېلىپ قويغان ئۈزۈك ئى-

كەن. ئۇ خوشاللىقىدا كېنىزەكتىن:

— ئۈزۈكنى ساڭا كىم بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

كېنىزەك باغنى ئىشارەت قىپتۇ. چولپانگۈل باققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قارىسا كەنجى باتۇر بىر توپ گۈلنىڭ تۈۋىدە شەمشىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك. چولپانگۈل خوشاللىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە بېرىپ كەنجى باتۇرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇ.

كەنجى باتۇر چولپانگۈلنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئاكىلىرى بىلەن يەڭگىلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

شاھ ھاڭۋېقىپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كۆك تۆمۈر شاھ ھېلىمۇ ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇرغۇدەكمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت سەيدۇللا

## قالغاچنىڭ دانالىقى

بۇرۇنقى زامانلارنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى سۇلايمان پەيغەمبەر پۈتۈن دۇنيادىكى تىرىك مەخلۇقاتلارغا پادىشا بولغان ئىكەن. قالغاچ ۋەزىر ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۈركە «ئادەملەر مېنى ئۇۋلاپمۇ ئۆلتۈرىدۇ، بېسىپمۇ ئۆلتۈرىدۇ، بۇ زادى قانداق گەپ؟ يا بېسىپ ئۆلتۈرۈشكە تۇرسۇن، ياكى ئۇۋلاپ ئۆلتۈرۈشكە تۇرسۇن» دەپ ئويلاپ ھەزرىتى سۇلايمانغا ئەرز قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن بۈركە قالغاچ ۋەزىردىن بەكمۇ قورقىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن بىر-قانچە كۈن پۇرسەت كۈتۈپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قالغاچ بىر مەھەل ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپتۇ.

بۈركە سۇلايمان شاھنىڭ ئالدىدا قالغاچنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ بىرىپ قارىغۇدەك بولسا، شاھنىڭ ھوزۇرىدا قالغاچ كۆرۈنمەپتۇ. دەرھال قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى بۈركىگە مەلۇم قىپتۇ. خۇش خەۋەردىن خۇشاللانغان بۈركە ئىككى سەكرەپ، ئالتە كۆكلەپ سۇلايمان شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە:

— دات پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ.

— ئېيت ئەرزىڭنى، ھەممە گۇنالىرىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ سۇلايمان شاھ.

— ئادەملەر، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بۈركە، — مېنى بېسىپمۇ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇۋلاپمۇ ئۆلتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىرسىگە تۇرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇلايمان شاھ بىرنىمە دەپ بولغىچە تەخت ئاستىدا مۆكۈپ تۇرغان قالغاچ دەرھاللا سەكرەپ چىقىپ، بۇرگىگە:

— سەن يا ئۆمىلەشكە تۇر ياكى سەكرەشكە تۇر، — دەپتۇ. تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئۆزىنى مات قىلىپ قويغان قالغاچنى كۆرگەن بۇرگە شاھ ھوزۇرىدىن غىڭ قىلالماي چىقىپ كېتىپتۇ.

(«مۇزات دولقۇنلىرى» نىڭ 1981 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)
رەتلىگۈچى: ئۆمەر ساۋۇت.

## پاراسەتلىك كىشى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كەمبەغەل ئېتىغا مىنىپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۈن قايرىلغاندا، ئۇ ھارغىنلىق بىلەن ئاچلىقتىن توختاپ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر بايمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختاپ، ھىلىقى دەرەخكە ئېتىنى باغلىماقچى بوپتۇ.

— ئاتلىرىنى بۇ دەرەخكە باغلىمىسىلا، — دەپتۇ كەمبەغەل، — مېنىڭ ئېتىم ياۋايىراق، ئاتلىرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، ئۇنى باشقا بىر دەرەخكە باغلىسىلا!

— ئېتىمنى قەيەرگە باغلاشنى خالىسام شۇ يەرگە باغلايمەن! — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ باي ۋە ئېتىنى شۇ دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، غىزالىنىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قورقۇنچلۇق چىقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قارىسا، ئىككى ئات تېپىشىپ، چىشلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلار ئاتلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ. بىراق كېچىككەن ئىكەن. باينىڭ ئېتى ئۆلۈپ قاپتۇ.

— سېنىڭ ئېتىڭ نىمە قىپتۇ، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ باي، — سەن ئەمدى ئېتىمنىڭ خۇنىنى تۆلەيسەن! — باي كەمبەغەلنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى كەمبەغەلدىن:

— ئېتىڭنىڭ ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىغى راستمۇ دەپ؟ — دەپ سوراپتۇ. كەمبەغەل جاۋاپ بەرمەپتۇ. قازى

يەنە كۆپ سوئال سوراپتۇ. كەمبەغەل لام - جىم دېمەستىن تۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىرى قازى:
— بۇ گاچا ئادەمكەن، ئۇ سۆزلىيەلمىسە، مېنىڭ نېمە ئامالىم بولسۇن، — دەپتۇ.
— تەقسىر، ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ باي، — ئۇ سۆزلىيەلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇ سۆز قىلغان.
— راست شۇنداقمۇ؟ — سوراپتۇ قازى، — ئۇ ساڭا نېمە دېگەنىتى؟
— ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مەن كېپىل، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ باي، — ئۇ ماڭا ئېتىمنى ئۇ ئېتىمنى باغلىغان دەرەخكە باغلىماسلىقىمنى، ئېتى ياۋايى بولغاچقا، مېنىڭ ئېتىمنى ئۆلتۈرۈپ قويىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.
— ئوھوي، — دەپتۇ قازى، — ئەمدى چاتاقنىڭ ئۆزەڭدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ سېنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئېتىڭنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.
ئارقىدىن قازى كەمبەغەل تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.
— سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرمىگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى، — دەپتۇ كەمبەغەل، — مەن تەقسىرنى كەمبەغەلنىڭ سۆزىگە باينىڭ سۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشەنمەيدۇ دەپ ئاڭلىغان، شۇڭا مەن سۆزلىسەممۇ بىكار، سۆز قىلىشىم ھاجەتسىز، دەپ قاراپ، ھېچنەرسە دېمىگەنتىم. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنلا.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.)
رەتلىگۈچى: ئابلەت يۈسۈپ

## قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلگىسى

ئەۋەلنىڭ ئەۋۋىلىسىدە بىر ئاكا - ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن. ئاكىنىڭ تۆت بالىسى بار بولۇپ، ئۇكىنىڭ بالا - چاقىسى يوق ئىكەن. بۇلار ئاتا - ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىناق ياشاپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇپتۇ ۋە ئۆز - ئارا ھۆرمەتلىشىپتۇ، ھېچقانداق نەرسىدىن قىزغىنىشماپتۇ.

بىر يىلى بۇ ئاكا - ئۇكا بۇغداي تېرىشىپ، مول ھوسۇل ئېلىشىپتۇ. چىققان مەھسۇلاتنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. ئۆيگە يۆتكەپ كەتكىچە كەچ بولۇپ قاپتۇ - دە، خاماندا قونۇشۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئاكىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ مۇنداق ئويلاپتۇ: ئۇكامنىڭ بالا - چاقىسى بولمىغان بىلەن يالغۇز ئادەمگە خىراجەت كۆپ كېتىدۇ. بالا - چاقا قىلىش ئۈچۈنمۇ پۇل لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ياش، تەجرىبىسى كەم، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش لازىم...»

ئۇكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلانغان ئاكا بىرقانچە غەلۋىر بۇغداينى ئۇكىسىنىڭ بۇغدىيىغا تۆكۈپ قويۇپتۇ.

ئۇكىسى سەھەرگە يېقىن ئويغىنىپ: «مېنىڭ بالا - چاقىلىرىم يوق، چىقىمىم ئاز، ئاكام بالا - چاقىلىق، ئالغان مەھسۇلاتى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىم لازىم. مەھسۇلات ئېلىشتا ئاكامنىڭ ئەجرى كۆپ كىردى. قاراپ تۇرۇپ بوغداينى تەڭ بۆلۈپ ئېلىشىم ئىنساپلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىش ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىرقانچە غەلۋىر بۇغداينى ئاكىسىنىڭ بۇغدىيىغا قوشۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا قارىغۇدەك بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ بوغدىيى ئوخشاش تۇرغۇدەك، ھەيران بولۇشۇپتۇ ـ يۇ، مەلۇم سەۋەپنى بانا قىلىپ ئەتىسى يەنە خاماندا قونۇشۇپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا يەنە ئالدىنقى كېچىدىكى ئىشلىرىنى تەكرار- لىشىپتۇ. سەھەر ۋاقتىدا بىر ـ بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، ئەھۋال ئاشكارا بولۇپ قاپتۇ، شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى تۇققاننىڭ ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 ـ يىل 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

رەتلىگۈچى: مەتىمىن قۇربانى

## دانىشمەن بىلەن تادان

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم شەھەرگە بىر دانىشمەن كەپتۇ، ئۇ بۇ شەھەردىكى ئۆلىمالار بىلەن بىلىم جەھەتتە بىر سىنىشىپ باقماقچى بولۇپتۇ. بۇ شەھەردىكى ئۆلىمالار ھىلىقى دانىشمەننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىشكە پېتىنالماپتۇ. بۇ ئىشتىن باش تارتايلى دىسە، ھەممىسى بىلىمسىزلاركەن، دىگەن كۆلكە ـ مەسخىرىگە قېلىپ، ئابرويلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپتۇ. بۇ ئۆلىمالار دانىشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەي باش قاتۇرۇپ تۇرۇشقاندا، كۈننى جىدەل ـ ماجرا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر تادان يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ پارىڭنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارغا:

ــ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ باش قاتۇرامدىكەن؟ ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ ھەرقانچە دانىشمەن بولسىمۇ گەپتە ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ــ دەپتۇ.

دەسلەپتە ئۆلىمالار تادانىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ. لېكىن تادان مەيدىسىگە ئۇرۇپ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئىملا بولسۇن بىر سىناپ كۆرمەكچى ھەمدە شۇ ئارقىلىق بۇ خىجىللىقتىن قۇتۇلماقچى بولۇشۇپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈنى ئۇلار بۇ ئادەمگە يوغان سەللە يۆگىتىپ، ئېسىل بەقسەم تون كىيگۈزۈپ، چوڭ ئاخۇن سۈپىتىدە ياساپتۇ. ئۇ بىر خىشنى شايى ياغلىققا ئوراپ، قولتۇغىغا قىستۇرۇپ مۇسابىقە مەيدانىغا ھەيۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن كىرىپ كەپتۇ، ھېلىقى دانىشمەننى مەگىستىمگەن قىياپەتتە گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. دانىشمەن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ھەيران بوپتۇ. چۈنكى باشقا دانىشمەنلەر بۇ دانىشمەننىڭ ئالدىدا گىدىيىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئىكەن. دانىشمەن بۇ ئادەمدىن:

— قولىڭىزدىكى قايسى كىتاپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىتاۋى خىش، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تادان. دانىشمەن ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپتۇ، گەپ بىلەن سىناشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىشارەت ئارقىلىق سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا بىر بارمىقىنى كۆرسىتىپتۇ. تادان ئۇنىڭغا ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن يەرگە بىر دۈگىلەك سىزىپتۇ. تادان ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سىزىق سىزىپ، دۈگىلەكنى ئىككىگە بۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەن تادانغا «بولدى، مەن سىزگە قايىل» دەپتۇ — دە، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇسابىقە مەيدانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەممە كىشى ھەيران بولۇپتۇ. شۇنچە چوڭ دانىشمەننىڭ نېمىشقا يېڭىلگەنلىگىنى، مۇسابىقىدە قانداق سوئال قويۇلۇپ، قانداق جاۋاپ بېرىلگەنلىگىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشىپتۇ. يولدا كېتىپ بارغاندا، دانىشمەننىڭ ئادەملىرى دانىشمەندىن بۇ سىرنى سوراپتۇ. دانىشمەن ئۇلارغا:

— مەن ئۇنىڭغا بىر بارمىقىمنى كۆرسىتىپ خۇدا بىر بولىدۇ، ئىشارىتىنى بىلدۈردۈم. ئۇ مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن قوشقاندا ئىككى، دېگەن ئىشارىدا ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاسماندىكى ئاينىڭ شەكلىنى سىزىپ كۆرسەتتىم. ئۇ، ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ دۈگىلەكنى ئىككىگە بۆلدى. قولىدىكى كىتاۋىنى سورىسام «كىتاۋى خىش» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن بۇنداق كىتاپنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ

چىلىڭ ئالىم ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭدىن قايتا سوئال سورىيالماي يېنىپ چىقتىم، — دەپتۇ. دانىشمەن كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر تاداندىن بۇ سىرنى سوراپتۇ. ئۇ:

— دانىشمەن كۆزۈڭنى ئويىمەن دەپ بىر بارمىقىنى تەڭلىدى. مەن ئىككىلا كۆزۈڭنى ئويىمەن، دەپ ئىككى بارمىقىمنى تەڭلىدىم. ئۇ بېشىڭغا ئاگاھ بول، دەپ دۈگىلەك سىزدى. مەن بېشىڭنى يارىمەن، دەپ ئۇنى ئىككىگە بۆلدۈم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت سەيدۇللا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نىمە بولسا بولسۇن

بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشا ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى بىر كونا تامنىڭ ئالدىدىكى ئېتىزلىقتا سوزۇلۇپ ياتقان ئىككى تۈپ قوغۇن پىلىكىگە چۈشۈپتۇ. پادىشا ئاتتىن چۈشمەيلا:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۆيدىن بىر بوۋاي چىقىپ:

— خوش پادىشاھىم، — دەپ سالام قىپتۇ. پادىشا سالامنىڭ ئورنىغا:

— قوغۇنۇڭ پىشتىمۇ؟ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك قوغۇن ئېلىپ چىق! — دەپ ۋاقىراپتۇ. دىخان:

— ئىككى تۈپ پىلەككە بار يوقى تۆت سويما چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرغۇدەك پىشقان ئەمەس، — دەپتۇ. پادىشا:

— نىمە بولسا بولسۇن، ئېلىپ چىق! — دەپ بۇيرۇپتۇ. دىخان ئىككى سويمىنى ئۈزۈپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. پادىشا گويا ئاچ قالغان بۆرىدەك، سويمىنى ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا ئىگەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، يېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. پادىشا ئاندىن ئاتنىڭ ئارقىسىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ دىخانغا سويما بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. دىخان:

— خۇرجۇن توشقۇدەك سويما يوق، — دەپتۇ. پادىشا:

— ئىمە بولسا بولسۇن، خۇرجۇننى توشقازغىن! — دەپتۇ. دېخان خۇرجۇننى ئېلىپ قالغان ئىككى سويمىنى ئۇزۇپتۇ. بىر ئۇيلىنىپ، خورجۇننىڭ ئىككى بېشىغا ئاۋال چالما توشقۇزۇپ ئاندىن بىردىن سويمىنى سېلىپ، خورجۇننىڭ ئىزمىسنى ئېتىپ پادىشانىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا ئارتىپ بېرىپتۇ. پادىشا ئۆيگە كەلسە، پادىشانى كۈتۈپ تۇرغان بايلار:

— پادىشاھىم، بۈگۈنكى ئوۋلىرى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشا:

— بۈگۈن يالغۇز چىقىپتىمەن. بىر نەرسە تاپالمىدىم، ئۇسساپ كېلىۋاتسام، بىر گاداي قوغۇن تېرىپتىكەن، راسا يەپ تىمەن، قالغىنىنى خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە قاچىلاپ ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

پادىشانىڭ خوتۇنى بايلارغا نان چاي ئېلىپ كەپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنى ئەكەلگەن قوغۇندىن ئەكىرىشىنى، بايلارنىڭ ئالدىغا تىلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. پادىشا خۇرجۇننى بايلارنىڭ قېشىغا كۆتىرىپ كىرىپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. پادىشا خۇرجۇنغا قارىسا ئىككى بېشىدا بىردىن ئىككى سويما، قالغىنى چالما تۇرغۇدەك. پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، دېخاننى ئوردىغا ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. دېخان كەپتۇ. پادىشا دېخاندىن:

— سەن نىمە ئۈچۈن قوغۇن قاچىلىماي چالما قاچىلايسەن؟ سەن مېنى ئالدايسەن، ئەمدى مەن سېنى قاتتىق جازالايمەن، — دەپتۇ. دېخان پادىشانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئىشىگىمنىڭ ئالدىدىكى قوغۇن ئىككى تۈپ پىلەك، پىلەككە چۈشكەن سويما تۆت، مەن سىلىنىڭ خۇرجۇننى تولدۇرغۇدەك قوغۇن بولمىغىنى ئۈچۈن، خۇرجۇننى تولدۇرالمايدىغانلىغىمنى دىگەن ئىدىم. سىلە «نىمە بولسا بولسۇن،

تولدۇر» دىدىلە. پىلەكنىڭ ئارىسىدا ئىككى سويما بىلەن چالما كۆرۈندى. خۇرجۇننى تولدۇردۇم، — دەپتۇ. بايلار ھەيران قىلىپ:

— ھەي سەن راستىڭنى ئېيت، پادىشانى ئەخمەق قىپ سەن، — دەپتۇ. دىخان:

— مەن راستىمنى ئېيتتىم، ئىشەنمىسىلە بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرسىلە، ئېتىزلىقتا ئىككى تۈپ قوغۇن پىلىكى بار ئىدى، ئۇنىڭدا تۆت سويما بولۇپ، ئىككى سويمىنى پادىشايىمغا ئۈزۈپ بەردىم. پادىشاھىم ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئىكەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يېرىپ يېدى. قالغىنىنى خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشىغا سېلىپ بەردىم. پادىشاھىم «نىمە بولسا بولسۇن. خۇرجۇننى توشقاز» دىگەن ئىدى، — دەپتۇ.

بايلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشا خۇرجۇننى ئىككى سويما بىلەن تولدۇرۇش تەلىۋىنى قويۇش ئەخمەقنىڭ ئىشى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، دىخاننى جازالىيالماي ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يۇسۇپ.

# ئەقىللىق بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېتىم ئوغۇل بار ئىكەن. بۇ بالا بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىكەن.

سودىگەر نۇرغۇن ئات، تۆگىدە مال ئېلىپ ھەرەمگە بېرىپتۇ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا تېگىشىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. يېتىم بالا ئۆزىنىڭ شۇ يەرلەردە تاپقان ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل - پۇچەكلىرىنى لاتا قەغەزگە چىگىپ، ھۆل تېزەك ئىچىگە سېلىپ، «قالايدىغان ئوتتۇنۇم» دەپ تاغارغا ئەپلەپ ئاپتۇ.

سودىگەر ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ھەشەمەتلىك تۆگىلەرگە كولدۇرمىلارنى ئېسىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

ئۇلار ماڭا - ماڭا يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بىر توپ قاراقچىغا دۇچكەپتۇ. قاراقچىلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە سودىگەرنىڭ دەپى - دۇنيالىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. لېكىن يېتىم بالىنىڭ پۇل - پۇچەكلىرى ساقلىنىپ قاپتۇ. سودىگەر مال - مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت چېكىپ، يېتىم بالا بىلەن كارى بولماپتۇ. يېتىم بالا چۆلدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ، ئۆز يۇرتىغا بېرىپ، ھېلىقى تاپقان پۇل - پۇچەكلىرى بىلەن ئوبدان كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» نىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ پالتاجى

# سۇ پەرىسى - دىلئارام

بۇرۇنقى زاماندا نەزەر دىگەن بىر ياش يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يېزىدا ياشايدىكەن. ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغاچقا يېتىمچىلىكنىڭ ئېغىر دەرتلىرىنى تارتىپ چوڭ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىدىن پەقەت بىرلا كونا ئۆي مىراس قالغان ئىكەن. ئۇ خېلى چوڭ بولغىچە ئۆمرىنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئوتۇنغا باراي دەپ پالتىسىنى ئىزلەپ قازناققا كىرسە، بىر بۇلۇڭدا قارماق ۋە تور تۇرغۇدەك. «ئوتۇنچىلىق تولىمۇ ئېغىر، ئادەم ئىلگىرى باسمايدىغان بىر ئىش ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە بېلىقچىلىق قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، تور ۋە قارماقنى ئېلىپ تاڭ سەھەردىلا دەريا بويىغا جۆنەپتۇ. كۈن چىقىپ، يەر - جاھان ئىللىغاندا نەزەر دەريا بويىغا كەپتۇ ۋە دەرياغا تور تاشلاپ ناھايىتى كۆپ بېلىق تۇتۇپتۇ. خۇشاللىقىدا بېلىقلارنى بازارغا ئېلىپ كېلىپ سېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن خېلى پۇللۇق بولۇپمۇ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەزەر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ - دە، دەرياغا تور ساپتۇ. لېكىن ھېچنەرسە چىقماپتۇ. ئىككىنچى رەت ساپتۇ. يەنە ھېچنەرسە چىقماپتۇ. نەزەر بىرئاز ئۈمىتسىزلىنىپتۇ. تەۋەككۇل قىلىپ ئۈچىنچى رەت تور تاشلاپتۇ، تورغا پەقەت بىر تاللا، لېكىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر بېلىق چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ

قاسراقلىرى تاللادەك يالتىراپ، كۆزلىرى گۆھەردەك يېنىپ تۇرىدىكەن.

بېلىق يىگىتنىڭ قولىدا تۇرۇپ يىغلاپتۇ. يىگىت ھەيران بوپتۇ ۋە بېلىققا رەھمى كەپتۇ - دە، چاي ئىچىدىغان چەينەكىدىكى چاينى تۆكۈۋېتىپ، دەريانىڭ تاتلىق سۈيىدىن توشقۇزۇپتۇ، بېلىقنى ئۇنىڭغا سولاپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆيىدە يوغان بىر تەڭنە بار ئىكەن. شۇ تەڭنىگە تاتلىق سۇ تولدۇرۇپ، ھېلىقى بېلىقنى شۇنىڭغا قويۇپ بېرىپتۇ. بېلىق يىگىتنىڭ بۇ ئىشىدىن مىننەتدار بولغاندەك، سۇدا ئەركىن ئۈزۈپ ئويناپتۇ.

ئەتىسى نەزەر ئىشكىنى قۇلۇپلاپ، يەنە بېلىق تۇتقىلى كېتىپتۇ. كەچ كىرگەندە ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلسە، ئىشىكى ئۇلۇق ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئىشىك ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلگەن. يىگىت ھەيران بولغان ھالدا ھويلىغا كىرىپتۇ. كىرىپتۇ - دە، تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى ھويلىنىڭ ئىچى، ئۆي ئىچىمۇ پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. ئۆيگە كىرسە، قازاندا پولۇ دۈملەگلىك، پولۇنىڭ مەزىلىك ھىدى ئۆينى بىر ئاپتۇ. قوسىقى ئېچىپ كەتكەن يىگىت پولۇنى تويۇپ يەپتۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنى كىم قىلغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى يەنە ئىشكىنى قولۇپلاپ بېلىق تۇتۇشقا كېتىپتۇ. كەچ كىرگەندە قايتىپ كەلسە. يەنە ئىشىك ئوچۇق. ئىشىك ئالدى، ھويلا - ئاراملار پاكىز سۈپۈرۈلگەن. قازاندا تاماق پىشىپ تۇرغان. خوشنىلار قىلدىمىكىن دېسە ئۇلار قىلغاندەك ئەمەس....

يىگىت يەنىلا ھەيران بولغان پېتى بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋال كۈندە تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، نەزەر بىر ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بوپتۇ. شۇڭا بىر كۈنى تاڭ سەھەردىلا دەريا بويىغا يول سالغان بولۇپ ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولدىن قايتىپ كېلىپ، تامنىڭ دالدىسىغا مۆكۈپ يوچۇقتىن هويلا ئىچىگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا تەڭنىدىكى ھېلىقى بېلىق بىر سىلكىنىپلا پوستىنى تاشلاپتۇ ۋە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرلۇقلۇغىدىن ئاي بىلەن كۈنمۇ خىجىل بولىدىكەن. كۆزلىرى بۇلاقتەك، بەللىرى ئەۋرىشىم، غۇنچە بويلۇق بۇ قىزنىڭ ئوڭ مەڭزىدە ناھايىتى چىرايلىق مەڭ بولۇپ ھۆسنىگە تولىمۇ ياراشقان ئىكەن.

يىگىت بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ تېڭىرقاپ، ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قاپتۇ. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. قىزنىڭ گۈزەل چېھرىسىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ يىگىتنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىپتۇ. نەزەر قىزغا شۇ زامانلا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. ئۇ قىزنىڭ بېلىققا ئۆزگىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن دەرھاللا ھويلىغا كىرىپتۇ-دە، بېلىقنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆينى تازىلاۋاتقان سۇ پەرىسى «ۋاي!» دەپ ۋاقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ، يىگىتكە قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ ۋە:

— ھەي ئىنست! يامان قىلدىڭىز! — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ يىگىتمۇ قىزغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ، — بىر كەمبەغەل يىتىممەن. خۇدادىن ئۆزگە ھېچنەرسەم يوق. مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن، سىزنى قايتا كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ مۇشۇنداق قىلىپ ساپتىمەن.

يىگىتنىڭ مۇلايىم ۋە ساددا-سەمىمىيلىكى قىزغىمۇ يېقىپتۇ-دە:

— بوپتۇ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! — دەپتۇ.

— سىز زادى كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مەن، — دەپتۇ قىز چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ، — سۇ پادىشاسىنىڭ قىزىمەن. ئىسمىم دىلئارام،

ئەمدى مەن ماكانىمغا قايتاي.
سۇ پەرىسى دىلئارام شۇنداق دەپتۇ - دە، يىگىت بىلەن خوشلىشىپ قايىتماقچى بوپتۇ.
— سىز كەتمەڭ! — دەپ يىلىنىپتۇ نەزەر غەمگە تولغان كۆزلىرىنى قىزغا تىككىنىچە، — سىز كېتىپ قالسىڭىز مەن خاراپ بولىمەن. بىز مەڭگۈ بىرگە ئۆتەيلى.
سۇ پەرىسى دىلئارامۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەن، گەرچە ئاتىسىنى سېغىنىپ شۇنداق دىگەن بىلەن كۆڭلىدە يىگىت بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىكەن.
— ماقۇل، — دەپتۇ قىز، — نىمە كەلسە كۆرگۈلۈك. سېنىڭ بىلەن قالىمەن.
دىلئارام بىلەن نەزەر بىرگە بولۇپ، كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. نەزەرنىڭ كۈن - هالى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ باي بولۇپ كېتىپتۇ. دىلئارامۇ ئۆزىنىڭ مۇلايىملىغى، خوشىندارچىلىغى بىلەن خوشنىلىرىغا يېقىپتۇ. خۇددى بۇ مەھەللىگە بىر نۇر تارالغاندەك بولۇپتۇ.
قىزنىڭ داڭقى، گۈزەللىگى، مېهماندوست، مېهرىۋانلىغى، خۇلق، ئەخلاقى ھەققىدىكى تەرىپلەر كۆپىيىپ، يىراق - يىراقلارغىمۇ تاراشقا باشلاپتۇ.
بۇ خەۋەر شۇ ئەلنىڭ پادىشاسىنىڭ قولىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. شەھۋەتپەرەست زالىم پادىشا قىزغا غايىۋانە ئاشىق - بىقارار بولۇپتۇ. يۈرىگىدە بۇ قىزنى تارتىۋېلىش ۋەسۋەسى قوزغىلىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللىرىغا:
— نەزەر ئىسىملىك بىر ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىدە بىر پەرى قىز بارمىش. دەرهال ئېلىپ كېلىش، كىمەركى توسقۇنلۇق قىلسا دەرهال تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلا! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.
ياساۋۇللار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ بېرىپ نەزەرنىڭ ئۆيىنى

تېپىپتۇ. نەزەر ئۆيدە يوق ئىكەن. قىزنى زورلۇق بىلەن پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— مەن ساڭا، — دەپتۇ چىكىملىك ۋە بۇزۇقچىلىق تۈپەيلىدىن رەڭگى سەتلىشىپ كەتكەن خان دىلئارامنىڭ ھۆسنى - جامالىنى كۆرۈپ ئەقلى - ھۇشىدىن كەتكىلى ئاز قالغان ھالدا خوشامەت قىلىپ ھىجىيىپ، — ئاشىق بىقارارمەن. سەن ماڭا خوتۇن بول. شاھانە دۆلەت كۆرسىتىمەن.

— مېنىڭ ئېرىم بار، — دەپتۇ قىز رەڭگى بۇزۇق پادىشانىڭ قىلىقلىرىدىن يىرگەنگەن ھالدا، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلمايمەن. سەن ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆرۈپ باققىن!

پادىشا ئىلاجىسىز كۆنۈپتۇ. دىلئارام قايغۇ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. نەزەر ئۆيگە كېلىپ، خوشنىلىرىدىن بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ دات - پەرياد سېلىپ، ۋەيرانە بولۇپ تۇرغان ئىكەن. يارىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە نىمە ھادىسىلەر يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ. قىز بولغان ۋەقەنى بىر بىرلەپ سۆزلەپتۇ ۋە يىگىتكە:

— سەن قورقما، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا ئېغىر شەرتلەرنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇيدۇ. مەخسىدى سېنى كۆزدىن يوقىتىپ مېنى تارتىۋېلىش. مەن سېنىڭ بۇ مۈشكۈل شەرتلەرنى ئورۇنلىشىڭغا ياردەم بېرىمەن. شاھ يەنىلا ياۋۇز نىيىتىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن جايلاپ تۈگەشتۈرىمەن، — دەپتۇ.

نەزەر زالىم شاھنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشا نەزەرگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپتۇ. ئۇنى تۇتۇپلا يوقىتىۋەتمەكچىمۇ بوپتۇ، لېكىن خەلقى - ئالەمنىڭ تاپا - تەنىسىدىن ئەندىش قىلىپ ۋاقتىنچە بۇ نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

— سەن! — دەپتۇ پادىشا ھەيۋە بىلەن، — ئايالىڭنى

ماڭا بەرگىن! مەن ساڭا ئۆزەڭ تاللىغان قىزنى ئېلىپ بېرەي، نۇرغۇن پۇل - دۇنيا بېرەي.

— ياق! — دەپتۇ يىگىت، — ئۆز ئايالىنى بىرووغا بەرگەن ئىش نەدە باركەن؟ مەن ۋاپادارىمدىن كەچمەيمەن! ئۇنداق ۋىجدانسىزلىقنى قىلمايمەن!

پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولغىنىدا، قېشىدىكى ۋەزىرلىرىدىن بىرى:

— پادىشاھى ئالەم، ئۇنى ئاشكارا ئۇجۇقتۇرساق، بۇ ئىش خەلقنىڭ كۆزىچە بولغاچقا زورلۇق بولىدۇ. ئىناۋەتلىرىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن باپلايلى، — دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا! — دەپتۇ شاھ بىردىنلا تولكىدەك ھىجىيىپ نەزەرگە، — ساڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، سىپىللىرى، تام - تورۇسلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، نەقىشلىرىنى ئۈنچە گۆھەردىن قىلىپ ناھايىتى چوڭ بىر ساراي ياسايسەن. شەرتنى ئورۇنلىساڭ ئايالىڭ ئۆزەڭگە قالىدۇ. ئەگەر ئورۇنلىيالمىساڭ ئايالىڭنى ماڭا بېرىسەن!

نەزەر ئۈنچىقماستىن قايتىپ كەپتۇ ۋە پادىشا قويغان شەرتنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. دىلئارام ئېرىنىڭ ئالدىغا تەييارلانغان تاماقلارنى قويۇپ، تاماق يېيىشكە دەۋەت قىپتۇ ۋە:

— غەم قىلماڭ! ئارام ئېلىڭ! — دەپتۇ. نەزەر ئارام ئاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، دىلئارام ئۈنىڭغا رەندە، كەكە، ھەرىلەرنى سۇنۇپ:

— بۇلارنى ئېلىپ بېرىپ پادىشا كۆرسەتكەن يەرگە تاشلاپ قويۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ. نەزەر ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ پادىشا كۆرسەتكەن يەرگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى بېرىپ قارىغۇدەك بولسا پادىشا دىگەندىن نەچچە ھەسسە ئېسىل بىر ساراي چاقناپ تۇرغۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پادىشا ئوردىدىن چىقىپ، ھەشەمەتلىك سارايىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. شۇ ئارىدا نەزەرمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا ئۆكۈپ، گەپ - سۆز قىلالماي تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا يېنىدىكى ۋەزىر يەنە پادىشانىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

— ساڭا ئىككىنچى بىر شەرت بار. شۇنى بېجىرىپ كەلسەڭ ئىش ئايرىۋاشلىنىدۇ، — دەپتۇ پادىشا. — ساڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، بەش يۈز يىلان تۇتۇپ كېلىسەن.

نەزەر غەمكىن بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. دىلئارام مۇلايىم خۇلقى ۋە شىرىن سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپتۇ، قانداق گەپلەر بولغانلىقىنى سوراپتۇ. نەزەر پادىشانىڭ ئىككىنچى شەرتىنى دەپ بېرىپتۇ. دىلئارام:

— غەم قىلماڭ، خۇشال - خورام يۈرۈڭ! — بۇنىڭ چارىسى ئاسان! — دەپتۇ - دە، چاچلىرىدىن بىرقانچە تال يۇلۇپ بىر خالتىغا ساپتۇ ئاندىن ئۇنى يىگىتكە سۇنۇپ:

— مانا بۇنى ئەتە پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ، ئوردا ئەھلىنىڭ ھەممىسى تەل بولغان پەيتتە خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭ! — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

نەزەر ئەتىسى ھېلىقى خالتىنى كۆتىرىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئوردا ئەھلى تەل بولۇپ تۇرغان ئىكەن، نەزەر:

— مانا، بەش يۈز يىلاننى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ - دە، خالتىنى ئېچىپتۇ. خالتا ئىچىدىن ھەر يوغان زەھەرلىك يىلانلار چىقىپ ئوردا ئىچىگە يامراپ كېتىپتۇ. پۈتۈن ئوردا ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئوردا ئەھلى قاچىدىغان يەر تاپالماي قېلىشىپتۇ. پادىشامۇ يالۋۇرۇپ:

— يىلانلارنى بىر تەرەپ قىلغىن، خالىغىنىڭنى قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ.

نەزەر ساددا، ئاقكۆڭۈل، مەرت بولغاچقا، رەھىمى

كەپتۇ ـ دە، يىلانلارغا قاراپ بىر ئىسقىرتقان ئىكەن، ھەممىسى يىغىلىپ خالتىغا كىرىپتۇ. يىلانلار خالتىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن نامەرت ۋە زالىم پادىشا ۋەدىسىدە تۇرماستىن نەزەرنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. دىلئارام ھەسرەت چېكىپتۇ. پادىشاددىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بىر قولايلىق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنىسى پادىشا ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر كېيىك ئۇچرىتىپتۇ. كېيىك تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. پادىشا:

— كېيىكنى تىرىك تۇتىمىز، ھەممىمىز ھالقا بولۇپ ئارىغا ئالايلى، ئەگەر كىم قاچۇرۇپ قويسا شۇنىڭ بېشى ئېلىنىدۇ، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار كېيىكنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، ھايت ـ ھۇيتلاپ توۋلاپتۇ. لېكىن پادىشا مەغرۇرلۇق بىلەن تۇرۇپتۇ. كېيىك دەل پادىشانىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق تېرىككەن پادىشا:

— كېيىكنى ئۆزەم يالغۇز تۇتىمەن، ھېچكىم ئارقامدىن كەلمىسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ ـ دە، كېيىكنى قوغلاپ كېتىپتۇ. كېيىك قېچىپ بېرىپ بىر تاغنىڭ غارىغا كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشامۇ ئاتتىن چۈشۈپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن غارغا كىرىپتۇ. غارنىڭ ئىچى تولىمۇ قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ئىكەن. شۇ ئارىدا غارنىڭ ئاغزى گۈلدۈرلىگەن بىر سادا بىلەن توسۇلۇپ، غارنىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك ئالامەتتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن پادىشا، جېنىدىن ئۈمىت ئۈزگەن ھالدا ئەتراپىغا سەپ ـ سالغان ئىكەن، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىلدىكى قول ـ پۇتلىرى بار تۆۋرۈك تاشلار تۇرغۇدەك. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دەھشەتلىك ھۆكۈرەش ياڭراپ تۇرىدىكەن. تۇيۇقسىزلا سۇ پەرىسى دىلئارام قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا پەيدا بولۇپتۇ ـ دە، پادىشاغا دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە بىلەن خىتاپ قىلىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى
www.uyghurkitap.com

— ئەگەردە سەن نەزەرنى قويۇپ بېرىپ، پادىشالىقنىڭنى ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىغان بولساڭ كاللاڭنى ئالىمەن ياكى سېنى مەڭگۈ مۇشۇ غاردا قالدۇرىمەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ غالجىرلىقى تۇتۇپتۇ، قىلىچ بىلەن دىلئارامنى چېپىپتۇ. دەھشەتلىك بىر گۈلدۈرلەش بىلەن تەڭلا دىلئارام غايىپ بولۇپتۇ. غارنىڭ ئىچىنى زۇلمەت قاپلاپتۇ. پادىشا ئۈچ كۈنگىچە ئۆلۈم ئازاۋىنى كۆرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ دىلئارامنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۆزىنى بۇ زۇلمەتلىك غاردىن ئازات قىلسا ھەممە شەرتلەرگە كۆنۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

غارنىڭ ئىچىگە يەنە نۇر تولۇپتۇ — دە، قىلىچ تۇتقان دىلئارام پەيدا بولۇپتۇ.

پادىشا يىپىندىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ، نەزەرنى ئازات قىلىش ۋە پادىشالىقنى نەزەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە ئەھدىنامە ۋە پەرمان يېزىپتۇ. ئاندىن ئالتۇن مۆھرىسىنى بېسىپ دىلئارامغا سۇنۇپتۇ. بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىنلا ھەيۋەتلىك بىر گۈلدۈرلەش بىلەن غارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، پادىشا ئاران چىقىۋاپتۇ.

دىلئارام ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئوردىغا كەپتۇ — دە، پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ پادىشانىڭ تىلخېتى بىلەن بۇيرۇغىنى ئوقۇپتۇ.

خەلقمۇ ۋە ئوردا ئەھلىمۇ بۇ زالىم پادىشانىڭ تەلۋىلىكى، ئەخمەقلىقى ۋە زالىملىقىدىن جاق تويغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چەكسىز خوشال بولۇشۇپتۇ. دىلئارام پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ ئۈچ كېچە — كۈندۈز چوڭ توي — مەرىكە ئۆتكۈزۈپ خەلققە ئاش تارتىپتۇ. پادىشانىڭ زالىملىق بىلەن توپ-

لىغان پۇل ـ دۇنيالىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. نەزەرنى داغدۇغا بىلەن پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. نەزەر بىلەن دىلئارام تۇرمۇشنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زۆرىخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ۋاپاغا — ۋاپا

بۇرۇنقى زاماندا سەلتەنەتلىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ گۈلجاھان ئىسىملىك بىرلا قىزى بولۇپ، گۈزەللىكتە جاھان ئارا يىگانە ئىكەن. پادىشا قىزىغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس چارباغ سالدۇرغان ئىكەن. چارباغدا بەكمۇ كېلىشكەن، نۇردۇن ئىسىملىك بىر باغۋەن يىگىت بولۇپ قالتىس باتۇر ۋە ئىشچان ئىكەن. مەلىكە گۈلجاھان گۈل سەيلىسى قىلىش جەريانىدا يىگىتكە ئاشىق بىقارار بوپتۇ. باغۋەن يىگىتمۇ مەلىكىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، نۇردۇن دائىم يىراق - يىراقلاردىن چىرايلىق گۈللەرنىڭ ئۇرۇقىنى ئەپكېلىپ تېرىپ، گۈللەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، باغنى رەڭمۇ - رەڭ ۋە خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن پۈركەپتۇ. مەلىكە گۈلجاھان بىلەن نۇردۇن يۈرەكلىرىدىكى ئىشقى - مۇھەببەتنى ئۆزئارا ئىزھار قىلىشىپ، چارباغدا خۇشال-خورام سەيلە - تاماشا قىلىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلجاھان بىلەن نۇردۇننىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇغى پادىشانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشا مەلىكىنىڭ داڭدار شاھزادىلەرگە ياتلىق بولۇشقا ئۇنىماي بىر يالاڭ تۆش چاكار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرگىنىدىن دەرغەزەپ بولۇپ، گۈلجاھاننى نەزەر بەنت قىلىپ، نۇردۇننى زىندانغا تاشلاپتۇ. نۇردۇننى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك جازالاش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئىنسان بالىسى كۆرۈپ

باقمىغان بىر خىل جازالاش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تېپىپتۇ.

بۇ ئۇسۇل مۇنداق ئىكەن: چوڭ بىر ساراي تەييارلىتىپتۇ. سارايىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر ئىشىك قويۇپ، ئۇنى يىگىتنىڭ كىرىش ئىشىگى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. سارايىنىڭ سول تەرىپىگە بىر - بىرسىگە ياندىشىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئىشىك ئورنىتىپتۇ. گۇناكار ساراي سەيناسىغا كىرىپ، ئۇدۇل بارغان پېتى ئىككى ئىشىكنىڭ بىرسىنى ئېچىشى كېرەك ئىكەن. بۇ پۈتۈنلەي تەلەي سىنايدىغان ئىش ئىكەن. بىر ئىشىكنى ئاچسا ئۇنىڭدىن يېڭىلا جاڭگالدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئاچ ۋە غالجىر شىر ئېتىلىپ چىقىپ گۇناكارنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايدىكەن. يەنە بىر ئىشىكنى ئاچسا ئۇنىڭدىن ساھىپجامال بىر قىز چىقىدىكەن - دە، گۇناكار شۇ قىز بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولىدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە گۈلجاھان چوڭقۇر ئازاپ - ئوقۇبەت دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ. ئۇ نۇردۇننى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ قايسى ئۆيدە شىر، قايسى ئۆيدە قىز بارلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تېپىپتۇ. ھېلىقى ئۆيدىكى قىز نۇردۇننىڭ ۋاپات بولغان ئۇستىسىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ گۈلجاھاندەكلا گۈزەل ئىكەن، نۇردۇن ئۇ قىز بىلەن ئانچە - مۇنچە كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن، بەزىدە خېلى ئۇزۇنغىچە قىزغىن مۇڭدىشىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن. مەلىكە گۈلجاھان «چوقۇم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭلى بار» دەپ ئويلاپ ناھايىتى كۈنلىكى تۇتۇپتۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى يىگىتكە مەخپى خەت ئەۋەتىپ ئىشىكنى ئۆزىنىڭ ئىشارىتى بويىچە ئېچىشنى تاپىلاپتۇ.

تەيىنلەنگەن كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا باشلىق پۈتۈن ئوردا ئەھلى سارايدىن جاي ئاپتۇ. مەلىكە گۈلجاھانمۇ پادىشا- نىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن خالا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىقمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ ئەل تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمى-
گەن بىر سەلتەنەتلىك جازالاش مۇراسىمى بوپتۇ. پادىشانىڭ
پەرمانى بىلەن نۇردۇن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن ساراي سەينى-
سىغا كىرىپ كەپتۇ — دە، پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم بىجا
كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن كۆزلىرى پادىشاغا ئەمەس مەلىكە گۈلجاھانغا
تىكىلگەن ئىكەن. مەلىكە چاندۇرماستىن يېنىك قول ئىشارىتى
قىلىپتۇ. تۇرغانلارنىڭ پۈتۈن دىققەت — ئېتىبارى يىگىتكە مەر-
كەزلەشكەنلىكتىن يىگىتتىن باشقا ھېچكىم مەلىكىنىڭ قول ئىشا-
رىتىنى سەزمەپتۇ. يىگىت بىر جۈپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ مې-
ڭىپتۇ. ئەتراپتا تۇرغۇچىلارنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قال-
غاندەك، ساراي ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، يىگىت
ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرى — شەپقەتلىك بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭ
شىرغا يەم بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدىكەن. نۇردۇن قىلچە ئىككى-
لەنمەستىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بېرىپ ئوڭ تەرەپتىكى ئى-
شىكنى ئېچىپتۇ. ئىشىكتىن ھەيۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان شىر
غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ساراي ئىچىنى كىشىلەرنىڭ
ئاھ — زارى قاپلاپتۇ. مەلىكە بولسا قورقۇنچ بىلەن ۋاقىراپ ھو-
شىدىن كېتىپتۇ.

لېكىن غەزەپ بىلەن ئېتىلغان شىر كۈتۈلمىگەندە ناھايىتى
مۇلايىملىشىپ، يىگىتنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ، ئۇنى پۇراپ، ئۇنىڭغا
ئۆزىنى سۈركەپتۇ. بۇ مەنزىرە سورۇندىكى بارلىق جامائەتنى ھەي-
ران قالدۇرۇپتۇ. خالايىق بۇ يىگىتتە بىرەر سىر بولسا كېرەك
دەپ ئويلىشىپتۇ. ھاياجانغا چۆمگەن پادىشا نۇردۇندىن سەۋەبىنى
سوراپتۇ. نۇردۇن پادىشاغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋە-
قەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى گۈل ئورۇغى يې-
غىش ئۈچۈن تاققا بېرىپ قاتتىق يامغۇرغا دۇچ كەلدىم. مېنىڭ

تەسلىكتە بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ شىرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم. بىر چاغدا دەھشەتلىك بىر ھۆكىرەش ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام، ئۆڭكۈرگە بىر شىر كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن قورققىنىمدىن يوشۇرۇنۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. بىراق ئۈلگۈرەلمىدىم. شىر يېقىنلاپ كېلىپ يېلىنغاندەك ھۆكىرەپ، ياش تۆكۈپ بىر پۇتىنى ماڭا كۆرسەتتى. ھەيران بولغىنىمدىن بىر ھازاغىچە نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. كېيىن ئېسىمنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسام، شىرنىڭ پۇتىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ. دەرھال ئېگىشىپ شىرنىڭ پۇتىنى قايرىپ سەپ - سالسام، شىرنىڭ تاپىنىدا قۇمۇش پارچىسى تۇرىدۇ. ئۇنى چەبدەسلىك بىلەن تارتىپ ئالدىم ۋە شىرنىڭ تاپىنىغا قان توختىتىدىغان دورا ئۆسۈملۈكنى چاپلاپ، كۆينىكىمنى يىرتىپ تېڭىپ قويدۇم. ئازاپتىن خالاس بولغان شىر يۈزلىرىمنى يالاپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى... سىلە مېنى يىگۈزۈۋەتمەكچى بولغان مانا مۇشۇ شىر ئەينى ۋاقىتتا مەن داۋالىغان شىر....

نۇردۇن ھىكايىسىنى تۈگەتكەندە خالايىق ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— نۇردۇننىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمىز! بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمىز! — دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن تەسىرلەنگەن پادىشامۇ نۇردۇننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ - دە، مەلىكە گۈلجاھاننى ئۇنىڭغا نىكالاپ بېرىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ. خالايىق بۇ ئىشقا ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، نۇردۇننى تەبرىكلىشىپتۇ. ئەمما نۇردۇن مەلىكىنى نىكايىغا ئېلىشنى رەت قىلىپتۇ. پادىشا بىلەن جامائەت ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، نۇردۇن مەلىكە گۈلجاھاننىڭ كۈندەشلىك قىلىپ ئۆزىنى شىرغا يەم قىلىپ بېرىشنى، قەستلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە بۇرۇنقى ئۇستازىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىزى بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا قايە
بولۇپ، تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. نۇردۇن تويدىن كېيىن قىزد
ئېلىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باغ
ۋەنچىلىك ۋە گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ. بەخت سائادەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. گۈلجاھان كۈندەشلىكىنىڭ ئوتىدا كۆيۈ
ئېزىز جېنىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپتۇ.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)
رەتلىگۈچى: ئابلەت يوسۇپ.

## ئىككى كۆزلۈك بىلەن بىر كۆزلۈك...

ئۆتكەن زاماندا، مەلۇم شەھەردە كېچە - كۈندۈز قانداق قىلىپ باي بولۇشنىڭ يولىنى ئىزلەپلا يۈرىدىغان بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى «پالان يەردىكى دېڭىز ئوتتۇرىسىدا بىر ئارال بار. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى بىر كۆزلۈك» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ دەرھاللا: «ئاشۇ بىر كۆزلۈكلەر يۇرتىغا بېرىپ، بىر كۆزلۈكتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ قەپەزگە سولاپ كۆرگەزمە قىلسام باي بولۇپ كېتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ دەرھال كېمە تەييارلاپ بىر كۆزلۈكلەر ياشايدىغان ئارالغا بېرىپتۇ. ئەمما، قىرغاققا ئەمدىلا پۇت قويۇشىغا ئۇنى چېگرا ساقلاۋاتقان بىر كۆزلۈك ئەسكەرلەر تۇتۇۋاپتۇ - دە، پادىشاسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

بىر كۆزلۈكلەرگە ئىككى كۆزى بار بۇ ئادەم غەلىتە مەخلۇق بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

بىر كۆزلۈكلەرنىڭ پادىشاسى ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇنى ھازىرچە قاماپ قويۇپ، كېيىنىرەك قەپەزگە سولاپ كۆرگەزمە قىلىپ دۆلەتكە پۇل كىرىم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ھىلىقى ئىككى كۆزلۈك ئادەمنى بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن بىر كۆزلۈك بىر ساقچىنى بەلگىلەپتۇ. كەچ كىرگەندە ئىككى كۆزلۈك بىر كۆزلۈك ساقچىدىن:

— مېنى قەپەزگە سولاپ قويۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ سوراپتۇ.

— سەن ئىككى كۆزلۈك، غەلىتە مەخلۇق ئىكەنسەن، — دەپتۇ ساقچى، — شۇڭا پادىشايىمىز ئەتە سېنى باغچىغا كۆرگەزمىگە قويۇپ پۇل تاپماقچى.

ئىككى كۆز پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي: «ۋاي ئىست، ۋاي ئىست، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى ئاجايىپ مەخلۇق، دەپ ئويلىغاندىمەن؟ ئەمدىلىكتە ئۆزەم «ئاجايىپ مەخلۇق» دەپ قارىغانلارنىڭ ئالدىدا «ئاجايىپ مەخلۇق» بولۇپ قالدىم»، دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بىر كۆزلۈك ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

— سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزەمنىڭ قەپەزگە سولىنىپ قالغىنىمغا ئىچىم پۇشۇپ يىغلىدىم، — دەپتۇ ئىككى كۆزلۈك ۋە ئارقىدىنلا خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۆزلۈك «بۇ مەخلۇق راستىنلا ئاجايىپ ئىكەن» دەپ ھەيران قاپتۇ - دە، يەنە:

— ئەمدى نېمىشقا كۈلۈسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ ۋە سىلەر بىر كۆزلۈكلەرنىڭ ئاخماقلىقىڭغا كۈلۈۋاتىمەن. چۈنكى، مېنى سولاپ قويۇۋەرسەڭلار، مەن يىغلاۋەرسەم بىر كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئېقىپ كېتىپ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ. شۇڭا مېنى ھازىر قويۇپ بەرسەڭ، مېنىڭ بىر ئاكام بار، ئۇ ئۈچ كۆزلۈك. شۇنى باشلاپ كەلسەم، ئۇ يىغلاش جەريانىدا بىر كۆزىدىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ يەنە ئىككى كۆزى ساق قالىدۇ. سىلەر ئۇنى كۆرگەزمىگە قويساڭلار، پۇل تاپالايسىلەر، — دەپتۇ.

— شۇ سۆزۈڭ راستىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كۆزلۈك ساقچى ئىشەنمەي.

— راست، سەن مېنى هازىر قويۇپ بەرسەڭ تېزدىن يۇر- تۇمغا قايتىپ ئاشۇ ئۈچ كۆزلۈك ئاكامنى جەزمەن باشلاپ كېلىمەن. ئۇنى كۆرگەزمە قىلىپ ئاجايىپ نۇرغۇن كىرىم قىلىسىلەر!

بىر كۆزلۈك ساقچى ئىشىنىپتۇ - دە، ھېلىقى ئىككى كۆز- لۈك ئادەمنى قەپەزدىن بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ.

ئىككى كۆزلۈك دەرھال كېمىسىگە چىقىپ تىكىۋېتىپتۇ ۋە كېتىپ بېرىپ، مۇندىن كېيىن باشقىلارنى زادىلا مەسخىرە قىلىپ «ئاجايىپ مەخلۇق» دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خام خى- يالىدا بولمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زورىخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ھىكمەتلىك سۆز

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ يۇرتنى ياخشى باشقۇرغاچقا خەلق ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى ئىكەن. پادىشانىڭ تولىمۇ ھەسەتخور، قارا نىيەت بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ ھەر دائىم پادىشانى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا پادىشا بولۇشنى تاما قىلىپ يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى پادىشا بېغىدا سەيلە قىلىۋاتسا «ھىكمەتلىك سۆز ساتىمەن! ھىكمەتلىك سۆز ساتىمەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پادىشا خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، ھىكمەتلىك سۆز ساتقۇچىنى چاقىرتىپتۇ. چاچ - ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. پادىشا بوۋاي بىلەن سالامەلىشقاندىن كېيىن سوراپتۇ:

— قانداق ھىكمەتلىك سۆز ساتماقچىسىز؟

— ئاۋال مىڭ تىللا بەرسىلە، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ بوۋاي ھېچ تەپ تارتماي. پادىشا بوۋايغا مىڭ تىللا بېرىپتۇ. بوۋاي مىڭ تىللانى ئالغاندىن كېيىن پادىشاغا:

— يامان ئىشتىن قولۇڭنى تارت! — دەپتۇ - دە، چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشا: «بۇنى قانداقمۇ ھىكمەتلىك سۆز دېگىلى بولسۇن، ئادەتتىكى گەپقۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن: «شۇنچە ياشانغان كىشىنىڭ بېشىدىن بىر ئىش ئۆتمىسە بۇنى ھىكمەتلىك سۆز دەپ ساتماس ئىدى» دېگەن يەرگە كەپ

تۇ - دە، بۇ سۆزنى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە ئويدۇرۇپ، قولىغا سېلىۋاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا جىجىمنى ئالدۇرۇپتۇ. ساقال ياسىتقا كەلگەندە ساتىراچنىڭ قولىدىكى ئۈستىرا چۈشۈپ كېتىپ، قوللىرى دىرىلدەپ تىترەشكە باشلاپتۇ. پادىشا ساتىراچنىڭ ئۆكۈپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ سوراپتۇ:

— نېمە بولدۇڭ؟

ساتىراچ يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتاي، — دەپتۇ.

— كەچتىم. قېنى ئېيتە! — دەپتۇ پادىشا ئەجەپلىنىپ. ساتىراچ:

— ۋەزىر ماڭا «پادىشا چاچ ئالدۇرۇشقا كەلگەندە پادىشانىڭ گېلىغا ئۈستۈرا سېلىپ ئۆلتۈرگىن. ئۆلتۈرەلىسەڭ مەن پادىشا بولۇپ، سېنى ۋەزىر قىلىمەن. ئەگەر ئۆلتۈرەلمىسەڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دېگەن ئىدى. ئۈستۈرىنى گاللىرىغا توغرىلىشىمغا كۆزۈم ئالتۇن ئۈزۈكلىرىدىكى «يامان ئىشتىن قولۇڭنى تارت!» دېگەن خەتكە چۈشتى. يامان ئىشتىن دەرھال ياندىم، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

پادىشا بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ قارا نىيەتلىكىدىن غەزەپلىنىپ، ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

پادىشا ھېلىقى ھېكمەتلىك سۆز ساتقان بوۋاينى تاپتۇرۇپ كەپتۇ - دە، ئۆزىگە باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ساتىراچقا نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپ، شۇ مەملىكەتنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىگە بېگى قىلىپ كۆتۈرۈپ، يۇرتنى ئېجىمۇ ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يۇسۇپ.

www.uyghurkitap.com

# كەنجى قالغاچنىڭ ئاقىۋىتى

بىر جۈپ قالغاچ پىشايۋانغا پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەپلىك بىر ئۇۋا ياساپتۇ. ئانا قالغاچ تۇخۇم باستۇرۇپ، خامانلاردا «لاي - لاي» ناخشىسى ياڭراپ تۇرغان ئوما كۈنلىرىدە ئۈچ بالا چىقىرىپتۇ.

قالغاچ باللىرىنىڭ كەنجىسى تولىمۇ ئاچكۆز ئىكەن. ئۇ ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا «ماڭا بېرىڭ» دەپ ۋىچىرلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئاشقان يەمنى ئىككى ئاكىسى يەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئۇكام، سەن بىزنىڭ كىچىكىمىز، ئۆزەڭنىڭ كىچىكلىكىڭگە قارىماي نەپسىڭ يوغىناپ كېتىپ بارىدۇ. ئاتا - ئانىمىز ئەپكەلگەن يەمنىڭ كۆپرەكىنى سەنلا يەۋاتىسەن. بىز بولساق ئاچ قېلىۋاتىمىز. ئىنساپ بىلەن ئىش قىلساڭ، تەڭ ئوزۇقلانساق. — دەپتۇ.

كەنجى قالغاچ ئاكىسىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي: — كالدىن ئۆتكەن غەنىمەت، كىم چاققان بولسا شۇ يەيدۇ، — دەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ قالغاچ باللىرى ئۇچما بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى كەچ ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن ئانىسىنى كۆرگەن كەنجى قالغاچ قوسىغى تويۇپ تومپىيىتىپ كەتكىنىگە قارىماي ۋىچىرلاپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ ئاغزىدىكى يەمنى

ئېلىش ئۇچۇن شۇنداق ئىنتىلگەن ئىكەن، ئۇۋىدىن بەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر مۈشۈك ئوقتەك ئېتىلىپ كەپتۇ - دە، ۋىچىرلاپ ياتقان كەنجى قالىغاچنى «كاپ» قىلىپ ئاغزىغا ئېلىپلا قېچىپتۇ. بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ بىر دەمدىلا بەپ قويۇپتۇ. «نەپسى بالا جانغا بالا» دىگەن ماقال كەنجى قالغاچنىڭ ئاشۇ ئاقىۋىتىدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يوسۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قىممەتلىك سوغا

بۇرۇنقى زاماندا ئاق كۆڭۈل بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆز ئېلىدىن قىممەتلىك يىپەك ماللارنى ئېلىپ بېرىپ باشقا مەملىكەتلەردە ساتىدىكەن. قايتىشىدا ئۆز ئېلىدە پۇل بولىدىغان ماللارنى ئېلىپ قايتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ سودىگەر بىر قانچە ياش سودىگەرلەر بىلەن يىراق بىر ئەلگە سودىگەرچىلىككە بېرىپتۇ. چوڭ بىر شەھەردە سودا - سېتىق قىلىۋېتىپ ئۆز يۇرتلۇق بىر مۇساپىر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتۇ. مۇساپىر يىگىتنىڭ بىر قېرى، تۇل ئانىسى بولۇپ، سودىگەر بۇ ئايالنى تونۇيدىكەن. مۇساپىر يىگىت ئانىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىنى ۋە ئانىسىنى ياد ئېتىپ كۆز يېشى قىپتۇ. ئۇنىڭدا بارى - يوقى كىچىككىنە بىر ئورۇق ئاسلان بار ئىكەن. سودىگەرلەر قايتىدىغان چاغدا ئۇ سوغا سۈپىتىدە ھېلىقى ئاسلاننى ئانىسىغا ئالغاچ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. سودىگەر ماقۇل بوپتۇ.

ئورۇق ئاسلان يول ئۈستىدە تولا مىياڭلاپ خاپا قىپتۇ. ياش سودىگەرلەر بۇنىڭدىن زېرىكىپ، ئاسلاننى تاشلاپ كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئاق كۆڭۈل سودىگەر: «كىشىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس، نىمىلا بولمىسۇن ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ قىممەتلىك سوغا» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ سودىگەرلەر سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەچ

كىرگەندە بىر شەھەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ شەھەر مەلۇم بىر مەملىكەتنىڭ پايتەختى ئىكەن. بۇ مەملىكەتتە چاشقان ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاشلىقلارنى ۋە مال - مۈلۈكلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ خەلققە ئارام بەرمەيدىكەن. خەلق چاشقانلارنىڭ دەستىدىن دائىم ۋەسۋەسە ئىچىدە ياشايدىكەن. ئەمما ھېچكىم چاشقانلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىغان ئىكەن.

سودىگەرلەر بۇ شەھەرگە چۈشكەن كېچىسى چاشقانلار جىمىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىش پادىشانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشا دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. سۈرۈشتۈرۈشتىن كېيىن، بۇ شەھەرگە چۈشكەن سودىگەرلەرنىڭ كىچىككىنە، تۈكلۈك، شاپ بۇرۇت، پال كۆز مەخلۇقىنىڭ كېچىدە چاشقانلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا بەرگەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ.

پادىشا ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بۇ خاسىيەتلىك مەخلۇقنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتسىڭىز، بىز سىزگە خالىغىنىڭىزنى بەرسەك، — دەپ سودىگەردىن تەلەپ قىپتۇ. سودىگەر ماقۇل بولۇپ ئاتىغاننى ئالىدىغىنىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشا ئاسلانىڭ بەدىلىگە قىرىق خېچىرلىق ئالتۇن، مال - دۇنيا بېرىپ، سودىگەرلەرنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. سودىگەر بۇ قىرىق خېچىر مال - دۇنيانى تۇل مومايىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپتۇ. موماي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ياشاپتۇ. ياش سودىگەرلەر «قىممەتلىك سوغا» نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئەقىللىق سودىگەرگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يۈسۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتىپى
www.uyghurkitap.com

# شاتۇتىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، قەدىم زاماندا، كۈنچىقىش تاماندا، ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى قويۇق ئورماندا بىر مەنمەنچى شاتۇتى ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاتۇتىنىڭ مەنمەنلىك قىلىدىغان كېسىلى قوزغىلىپ قاپتۇ - دە: «دانىشمەن، شۆھرەتلىك بولسامۇ ھازىرغىچە ئۆزەمنى كۆرسىتەلمەيۋاتىمەن، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بولسىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۇچار - قۇشلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزەمنىڭ ھەقىقەتەن دانىشمەن ئىكەنلىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويايچۇ» دەپ ئويلاپ، قۇشلار ئوردىسى قۇرۇش قارارىغا كەپتۇ. لېكىن بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يالغۇز ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىنى پەملەپ، بۇ ئىشقا سەممىي ساداقەت بىلەن ياردەم بېرەلەيدىغان قابىلىيەتلىك ياردەمچى تېپىش توغرىلىق خېلى باش قاتۇرۇپتۇ، ئاقىۋەت كۆڭلىدە ھەممە ئىشقا يارايدىغان قۇشلار ئارىسىدا ئىناۋەت - ئابرويىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن بۇلبۇلنى ياردەمچىلىككە تەيىنلەپتۇ. دەرھال بۇلبۇلنى چاقىرىپ كەپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ. شاتۇتى قۇشلار ئوردىسىنىڭ پادىشاھى، بۇلبۇل باش ۋەزىرى بوپتۇ. ئەتىسىلا پادىشا شاتۇتىنىڭ «تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۇچار قۇشلار كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئورمانلىقتا يىغىلسۇن» دېگەن بۇيرۇقى ئېلان قىلىنىپتۇ.

تاغ باغرىدا، گۈلزارلاردا، باغلاردا، قويۇق ئورمان چاتقاللىقلاردا، سەھرا يېزىلاردا، كەڭ دالا، چۆل - جەزىرلەردە ياشايدىغان ھەر خىل، ھەرياڭزا ئۇچار قۇشلار بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ئۇچۇپ كېلىپ، باش ۋەزىر بۇلبۇلغا ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. قۇشلار ئوردىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىگى توغرىسىدىكى خەۋەر مۇشۇ ئورمانلىقتىن خېلى يىراقلىقتىكى بىر ۋەيرانە سوقما تامنىڭ تۆشۈگىدە يېتىپ، قىشلىق ئۇيقۇسىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان ھۆپۈپ بالىسىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ چالا ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئاران ئېچىپ: «نىمە دىگەن بەلەن خۇش خەۋەر - ھە! جان ئارام تاپىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىۋاتىدىكەن، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بۇ قاراڭغۇ، كىچىككىنە كاماردا قىستىلىپ يېتىپ جانىدىن جاق تويغان ئىدىم. ئەجەپمۇ ئوبدان گەپ بوپتىغۇ. بالدۇرراق ئاڭلىسامچۇ كاشكى» دەپ پىچىرلاپ ئۆز ئۆزىدىن روھلىنىپتۇ. ئاچ - زارلىق دەستىدىن مادارى قالمىغان ھۆپۈپ بالىسى پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، شەرق تەرەپتىكى ئورمانلىققا قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ: «ئەگەر پادىشا مېنىڭ موللا ئەۋلادى ئىكەنلىگىمنى ئۇقسا تەخىرسىز قوبۇل قىلىشى، ئەتىۋارلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.» دىگەن خىياللار بىلەن تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، ئاخىرى قۇشلار ئوردىسىغا كەپتۇ. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سوراپ قۇشلار ئوردىسىنىڭ باش ۋەزىرى بۇلبۇلنى ئىزلەپ تېپىپتۇ. ھۆپۈپ بالىسى باش ۋەزىر بۇلبۇلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئوردىغا قوبۇل قىلىشىنى سوراپتۇ. باش ۋەزىر بۇلبۇل رۇيخەت دەپتىرىنى ئېچىپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئالدى بىلەن تېگى - تەكتىڭنى بىلىۋالاي. سەن كىمنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بولىسەن؟ ئىسمىڭ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولسا كېرەك، تەقسىر مەن ئەل ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتتۇۋا، مۇقەددەس ئاتالغان ھۆپۈپ موللىنىڭ ئەۋلادىمەن. پەقىرنىڭ ئىسمى مەنپەئەت، — دەپتۇ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالغان ھۆپۈپ بالىسى.

— مۇنداق دە، سەن قوشنىدىكى بىلىملەرنى باشقىلارغا ئۆگەتمەي خۇدانىڭ قاغىشىغا ئۇچراپ ئۇ ئالەمگە كەتكەن ھىلىقى ھۆپۈپ موللامنىڭ بالىسى ئىكەنسەن - دە، دەپتۇ بۇلبۇل، — بوپتۇ، ئاۋارە ئىكەنسەن، شۇ ھالىڭغا قاراپ قوبۇل قىلساق قىلالايلى. لېكىن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭنى ئەمەلىيەتتە ئانچە-مۇنچە ئىشلىتىپ، باشقىلار ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈڭ كېرەك.

باش ۋەزىر بۇلبۇل ئۇنىڭ ئاچ - زارلىق دەستىدىن مۈكچىيىپ كەتكەن بەستىگە قاراپ ئىچىنى ئاغرىتىپتۇ. ھۆپۈپ بالىسىنى دەرھال غىزالاندۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىلىق ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلەرگە تاپىلاپ، ئۆزى پادىشا شاتۇتىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ھۆپۈپ بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى خالىسانە يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا شاتۇتى ھۆپۈپ بالىسىنىڭ ئىسمىغا ناھايىتى قىزىقىپ، ئۇنى قۇشلار ئوردىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا تەستىقلاپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھۆپۈپ بالىسى يىمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بەختلىك تۇرمۇشنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇپتۇ.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپتۇ. باش ۋەزىر بۇلبۇل پادىشا شاتۇتىغا سەمىمىي - ساداقەت بىلەن ھەمكارلاشقاچقا قۇشلار ئوردىسى كۈنسايىن روناق تېپىپ باياشات ۋە خاتىرجەم بىر ماكانغا ئايلىنىپتۇ. بىراق كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىنى دانىشمەن چاغلاپ، مەنمەنلىك قىلىپ كەلگەن شاتۇتى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ - دە، «ئوردا ئىشلىرىنىڭ بۇنچىلىك تەرەققىي قىلىشى پەقىرنىڭ دانىشمەنلىكىدىن بولغان، بۇ دۇنيادا دانىشمەن پادىشادىن

ئىككىسى بولسا بىرى مەن. ئەگەر بىرى بولسا پەقىرنىڭ دەل ئۆزى» دەپ جار سېلىپ ئالەمگە سىغماي قاپتۇ. ئۆزىگە سەمىمى سادىق بولۇپ كەلگەن قابىلىيەتلىك ياردەمچىسى — باش ۋەزىر بۆلبۆلنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان، ئۇنى ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەكسىچە ھۆپۈپ بالىسى پادىشا شاتۇتىنىڭ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپتۇ.

ئۇنى پادىشا شاتۇتى ئوردىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ۋەزىرى قىلىپ، تەيىنلەپ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى تاغنىڭ كەينىدىكى چاتقاللىقتا ياشاۋاتقان قېرى تۈلكىگە يۆتكەيلى.

بارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ قۇشلار ئوردىسىغا توپلىنىپ قىلىشى قېرى تۈلكە ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئەلەم بوپتۇ. قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئوردىغا كېلىپ قالغانلىقتىن قېرى تۈلكە بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق دىگەندەك يۈرۈپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. قۇساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدالمىغان قېرى تۈلكە دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماپتۇ. «خەپ ئالدىرىماي تۇرغىن. جاھاندىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىڭغا يىغىۋېلىپ مېنىڭ رىسقىمغا زوق ئولتۇرغىنىڭ ئۈچۈن سەن شاتۇتىنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەيدىغان بولسام ئەۋلىيا ئېتىم قۇرۇپ كەتسۇن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ قېرى تۈلكە، ئۇ شاتۇتىنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھۆپۈپ بالىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ. «ھىم... ياخشى گەپ، ھۆپۈپ موللىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇنىڭ دەرۋازا ساقلىشى ئىشىمنىڭ ئوڭىغا تارتقىنى ئەمەسمۇ» دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن قېرى تۈلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى كۆكۈم چۈشۈشى بىلەنلا قۇشلار ئۇردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تاماگەرلىك بىلەن ئىشتەي نەغمىسى چېلىپ بىر ئاش پىشىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن قۇشلار ئۇردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. قىرى تۆلكە ھىلىگەرلىكنى ئىشقا سېلىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

ئاچقىن ئۆكام ھۆپۈپ قارى دەرۋازاڭنى،
تۇمەن - تۇمەن توقاچ، ياغ نان ئېلىپ كەلدىم.
ئاچقىن ئۆكام ھۆپۈپ قارى دەرۋازاڭنى،
لىگەن - لىگەن ئۈنچە مارجان ئېلىپ كەلدىم.

كېچىلىك گۈزەتنى تەكشۈرۈشكە چىققان ھۆپۈپ بالىسى دەرۋازىنىڭ يوچۇغىدىن ماراپ تۆلكىنىڭ قولىدا ھېچنەرسە يوقلۇغىنى كۆرۈپتۇ - دە، دەرۋازىنى ئاچماپتۇ، قىرى تۆلكە ياۋۇز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىچى ئېچىشىپ، كۆڭلى زادى ئارام تاپماپتۇ. قىرى تۆلكە ئويان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ. ئاخىرى: «ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مەنپەئەت ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەندە! بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا سەۋەپسىز قويۇلمىغان، ئازراق بىر نەرسىنىڭ مېھرىدىن كەچسەملا ئىش پۈتمەمدۇ!؟. ئۆزەم مۇشۇ جاھاندىكى ھەر قانداق ھايۋاننى قورقىتالايدىغان بىر ئەۋلىيا. ھۆپۈپتەك بىرنىمىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىسەم بۇ يۈزۈمنى قەيەردىمۇ كۆتىرىپ يۈرەلەيمەن؟» دەپ بىلجىراپتۇ، قىرى تۆلكە ئۇيەر - بۇيەردىن قاقتى - سوقتى قىلىپ مىدەك بىر جاپادا ئازراق يىمەكلىك تېپىپتۇ - دە، شۆلگەيلىرى ئېقىپ تۇرسىمۇ نەپسىگە ھاي بېرىپ، ئۇنى كۆتەرگەن ھالدا ئۇردىغا كەپتۇ. سىلىق - سىپايىلىق بىلەن:

ئېچىڭ ئۆكام دەرۋازىنى مەنپەئەت قارى،
جېنىڭىزغا تۇمەنمىڭ جان تىلەپ كەلدىم.

ئېچىڭ ئۇكام دەرۋازىنى مەنپەئەت قارى،
جاھاندا يوق ئىسىل تائام ئېلىپ كەلدىم.

دەپ بېيىت ئوقۇپتۇ. قىرى تۈلكىنىڭ بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھۆپۈپ بالىسىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ، بىراق، دەرۋازىنىڭ يوچۇغىدىن ماراپ تۈلكىنىڭ قولىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆرۈپتۇ – دە، كۆزلىرى ئالاق – جالاق بولۇپ، تېنى سىماپتەك ئېرىپ كېتىپتۇ. ھۆپۈپ بالىسى ھاپىلا – شاپىلا دەرۋازىنى ئېچىپ، «خۇش كېلىپسىز تۈلكىجان ئاكا» دەپ قىرى تۈلكىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قىرى تۈلكە ھىلىگەرلىك بىلەن چوڭقۇر تازىم قىلىپ، «ياخشى كۆڭلۈمنى يەردە قالدۇرمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت» دېگىنىچە، ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى ھۆپۈپ بالىسىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ، قىرى تۈلكە ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قاپتۇ؛ ھۆپۈپ بالىسى قولىدىكى يېمەكلىكلەرگە كۆزىنى يۈگۈرتۈپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ:

— تۈلكىجان ئاكا، خاپا بولمىغىنىڭىزدا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز، مەن سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى شاھ ئاتىمىزغا يەتكۈزەي، — دەپتۇ ۋە قىرى تۈلكىگە ئوبدانراق جاي كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزى شاھ ھۇجرىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ھۆپۈپ بالىسى كۆڭلىدە: «تۈلكە ئېلىپ كەلگەن بۇ سوغات ئارقىلىق بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقىدىغان بولدۇم، بىرىنچىدىن، پادىشا شاتۇتنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولدۇم، ئىككىنچىدىن، قولۇمدىن خېلى ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ پادىشا شاتۇتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، قولىدىكى سوغاتلارنى تەختى را-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاندا ئۈگـدەپ ئولتۇرغان شاتۇتىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ھۆرمەت بىلەن:

— ئۇلۇغ، دانىشمەن پادىشايىم، مانا بۇلار مۇشۇ تاغنىڭ كەينى تەرىپىدىكى چاتقاللىقتا تۇرىدىغان چوڭ ئۇۋلىيا تۈلكىنىڭ ھەزرەتلىرىگە ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىلتىپاتلىرى ئىكەن. ئىجازەتلىرىگە ئىنتىزار بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى، — دەپتۇ.

ئالدىدا تۇرغان ئىسىل نازۇ - نېمەتلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىلەن شۇ ھامانلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئىككى كۆزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن شاتۇتى دەرھال تۈلكىنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ھۆپۈپ بالىسىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ - دە، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، قېرى تۈلكىنى باشلاپ كىرىشكە يۈگۈرۈپ ماڭغان ئىكەن، بىردىنلا باش ۋەزىر بۇلبۇلنىڭ «توختا» دىگەن جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاياتىن بىرى ھەممە گەپ - سۆزلەردىن خەۋەر تاپقان باش ۋەزىر بۇلبۇل قەتئىيلىك بىلەن: «تۈلكىنى ئوردا ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە زادى بولمايدۇ، تۈلكىنىڭ ئىككى قولى قانغا بويالغان، بۇ ياۋۇز مەخلۇقنىڭ ئۇچچىغا چىققان قىزىل كۆز ئالدامچى ئىكەنلىگىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن قۇشلارغا زادى قانچىلىك ياخشىلىق كەلگەن ئىدى؟ ئازراق مەنپەئەتنى دەپ ئۇنىڭ ياۋۇزلۇق، ھىيلىگەرلىگىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق — ئۆزىمىزنىڭ جىنىنى قۇربان قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» دەپ شاتۇتى بىلەن ھۆپۈپ بالىسىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپتۇ، ئەپسۇسكى، شاتۇتى بىلەن ھۆپۈپ بالىسى تەلۋىلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، بۇلبۇلنىڭ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماپتۇ، تۈلكە توغرىلىق بەس - مۇنازىرە، تاللاش - تارتىش باشلىنىپتۇ، شاتۇتى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:

— تۈلكە قۇشلارغا ئەزەلدىن دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگەن، لېكىن، ئۇنىڭ بۇنداق ئېسىل سوغاتلارنى ئېلىپ كېلىش ئۇنىڭ ياۋۇز نىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، توغرا يولغا قەدەم قويغانلىغىنىڭ، بىزگە بولغان ياخشى كۆڭلىنىڭ بىشارىتى. ئەمدى ئۇنچەۋالا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتمەڭ بۇلبۇل ۋەزىر، — دەپ بۇلبۇلغا رەددىيە بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ھۆپۈپ بالىسى بۇلبۇلنى كۆزگە ئىلمىغان قىياپەتتە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، پادىشانىڭ سۆزى بۇيرۇق، شاھ ئاتىمىزنىڭ دانىشمەنلىكى ئالدىدا سىزنىڭ مۇنداق ئاقساقاللىق قىلىپ يۇرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ بۇلبۇلغا تېخىمۇ ئەلەم قىپتۇ.

ئاخىر شاھنىڭ قېرى تۈلكىنى ئوردا، ئىچىگە باشلاپ كىرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغى كوچكە ئىگە قىلىنىپتۇ. قېرى تۈلكە شاتۇتىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر تازىم قىپتۇ، ئارقىدىنلا شاتۇتىنىڭ پۇتىنى سۆيۈپتۇ.

— جاھاندا تەڭدىشى يوق پادىشا ئالىيلىرى، مۇشۇ جاھاندىكى قۇشلارغا شاپائەت، ئادىلچىلىق قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ پەقىرمۇ خىزمەتلىرىدە بولۇش ئۈچۈن كەلدىم. ھەززەتلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق بولمىسىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئاددى سوغامنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ يىغلاپتۇ.

شۇندىن ئېتىۋارەن قېرى تۈلكە قەدەم باسقانلىكى يېرىدە «دانىشمەن پادىشا»، «ئۇلۇغ پادىشا» دىگەنلەرنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي شاتۇتىنىڭ ئەزىرىدىن ئۆتۈپتۇ. كونىلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرى تۈلكە ياۋۇز نەپسىگە زادى بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ. جىمجىت كېچىلەرنىڭ بىرىدە قېرى تۈلكىنىڭ سەۋرى قاچىسى يېرىلىپتۇ، ئۇ ئالدى بىلەن بىرلا چىشلەپ ئوردا ئىچىدىكى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ھۆپۈپ بالىسىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. ئاندىن پادىشا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ تەختى راۋاندا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان شاتۇتىغا ئېتىلىپتۇ - دە، كاپ قىلىپ تۇتۇپ بىر چاپاناپلا يېرىم جان قىلىپ قويۇپتۇ. قېرى تۈلكە پۈتۈن تۇردا ئىچىدىكى قۇشلارنىڭ قېچىشقا ئۈلگىرەلمىگەنلىرىنى يەپ ھوزۇر قىپتۇ. قېچىشقا ئۈلگۈرگەنلىرى يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئەقىللىق باش ۋەزىر بۇلبۇل خېلى بۇرۇنلا قېرى تۈلكىدىن ھەزەر ئەيلەپ تۇرغاچقا، جېنى ئامان قاپتۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى قىيا - چىيالارنى ئاتلاپ تالاغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا تۇردا ئىچىدە قۇشلارنىڭ ئۆلۈكىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ، ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن بۇلبۇل شۇئان شاتۇتىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن ئىكەن، شاتۇتى ئاغزىنى ماك - ماك ئېچىپ سەكرات ئىچىدە جان تالىشىپ يېتىپتۇ. شاتۇتى بارلىق كۈچىنى يىغىپ بۇلبۇلغا:

— ھۆرمەتلىك بۇلبۇل، سىزنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرىڭىزگە قۇلاق سالمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كۆردۈم، مېنى ئەيىپكە بۇيرۇماستىن دەرھال قۇتقۇزۇپ ئېلىڭ، — دەپ مۇراجەت قىپتۇ. بۇلبۇل شاتۇتىغا ئاچىنىپ قاراپتۇ - دە، غەزەپ بىلەن:

— ھەي، ئۆزىنى دانىشمەن ئاتىۋالغان ئەقىلسىز شاتۇتى، مەن ھۆپۈپ بالىسىغا ئوخشاش مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىپ ياخشى - يامانىنى ئايرىمايدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان ۋاپاسىز، نامەرتلەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئاچچىق ساۋاق. «ياخشىلارنىڭ قەدرى ئۆتۇلمەس، بىر يامان بىلەن ئېلىشمىغۇنچە» دېگەنىدەك، بۇ ئاچچىق ساۋاق ئارقىلىق ۋاپانىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان بۇ سەندەك نامەرتلەرنىڭ قىياپىتىنى روشەن كۆرۈۋالدىم. بۇ سەندەك ۋاپاسىزلار ئۈچۈن لايىق جازا. خەير، — دەپتۇ - دە، قۇشلار تۇردىسىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت سەيدۇللا.

## سەركە سازەندە

سەركە، قوشقار، توپاق — ئۇچ دوست يىراق يەرلەردە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئوت - سۈيى مول يەرلەرنىمۇ كۆرۈپتۇ، چۆل - جەزىرىلەرنىمۇ كۆرۈپتۇ. توق كۈنلەرنى خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ، دەشتى - چۆللەردە ئاچمۇ قاپتۇ. شۇنداق ئاچلىقتا كېتىپ بارغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە تۇرغان خالتىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بىرىپ ئېچىپ قارىسا، ئىككى چاڭگالچە ئارپا بار ئىكەن. ئۇلار بۇنى بۆلۈشۈپ يىمەكچى بوپتۇ. قانداق بۆلۈشىدىغانلىغى ھەققىدە كۆپ ئويلىشىپتۇ. شۇ چاغدا سەركە:

— مەن ئامالىنى تاپتىم، — دەيتۇ.

— ئۈچىمىزدىن كىچىكرەكى سەن بولساڭمۇ، ئەقلىڭ كامىل، قېنى ئېيتىپ باقە، — دەپتۇ قوشقار بىلەن توپاق.

— مۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ سەركە، — توپاق ئاكامنىڭ ئاغزى چوڭراق، ئالدى بىلەن ئۇ بىر كاپام يىسۇن ئاندىن ئاغزى كىچىكرەك قوشقار ئاكام ئىككى كاپام يىسۇن، ئاخىرىدا قالغىنىنى مەن ئۈچ كاپام يەي، شۇنىڭدا ئۈچىمىز تەڭ يىگەن بولىمىز.

بۇنى ھەممىسى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئارپىنى شۇ بويىچە يەپ، يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. يولدا يەنە ئۆلگەن تۈلكە ئۇچراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ قوشقار.

— بۇ بىر ئۆلچە، لازىمى بولار، ئېلىۋالايلى، — دەپتۇ توپاق. مەسلىھەت بويىچە بۇنى ھەممىدىن چوڭ توپاققا ئارتىپتۇ. بۇلار يەنە ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۆزلەككە كەپتۇ. بۇ كۆزلەكتىكى يالغۇز ئۆيدە ئادەم بولمىغاچقا، بېرىپ دەم ئالماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆلۈك تۈلكىنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، ئۆيگە تەڭلا كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر تۈلكە ساز چېلىۋاتقۇدەك، ئېيىق بىلەن بۆرە ساز ئاڭلاپ يانپاشلاپ ياتقىدەك.

— ئەجەپ ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭلار، ئىزلەپمۇ تاپالمايتتۇق، بىرلىكتە ساز چېلىپ بەزمە قىلايلى، — دەپتۇ تۈلكە ھىلىگەرلىك بىلەن قولىدىكى سازنى سەركىگە سۇنۇپ.

— كەچۈرگەيسەن، ئالدى بىلەن سەن ئۆز ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، — دەپتۇ سەركە مەغرۇر قىياپەتتە.

سەركىنىڭ بىر ئىشنى پەملەۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغان، قوشقار بىلەن توپاق ئۆز ھەۋىسىنى كۆرسىتىشكە تەييار تۇرۇپتۇ. تۈلكە سازنى قولىغا ئېلىپ:

تىرىڭ - تىرىڭ، سەركە بىزگە چۈشلۈك ئوزۇق،
تىرىڭ - تىرىڭ، توپاق بىزگە كۈنلۈك ئوزۇق.
تىرىڭ - تىرىڭ، قوشقار بىزگە كەچلىك ئوزۇق، —

دەپ، ناخشا ئېيتىپتۇ — دە، شېرىگەيلىرىنى ئىمقىتىپ، مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە سازنى سەركىگە بېرىپتۇ. سەركە:

تىرىڭ - تىرىڭ تۈلكە قىشتا ئوبدان تۇماق،
راھەت بىزگە ئېيىق تېرىسى ئۆلتىمىدە ياتماق.
تىرىڭ - تىرىڭ، بۆرە تېرىسى ئىسسىق جۇۋا،
ياخشى پۇرسەت، ئۆلتۈرەيلى سىيلىپ سىرتمىناق، —

دەپتۇ — دە، ئۇلارنى ھودۇقتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا

ئادەم بار ئوخشايدۇ. دەپ پەرەز قىلغان تۈلكە قاراپ باقماقچى بولۇپ، ئىشىكتىن چىقىشىغا ئۆلۈك تۈلكىگە كۆزى چىرىشىپتۇ، كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، «بۇلار بىرىنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قاچمىساق بولمايدىكەن» دەپ ئويلاپ، ئېيىق بىلەن بۆرىگە شەرەت قىلىپلا قېچىپتۇ. ئارقىسىدىن ئېيىق بىلەن بۆرىمۇ قېچىپتۇ. ئۇلار بىر ھازا قاچقاندىن كېيىن، ئاچ قالغان بۆرە ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ، سەركىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ. بۆرە سەركە. توپاق. قوشقارنىڭ: «ھىلىقىلارنى راسا باپلىدۇق،» دەپ كۈلۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، «ئالدى بىلەن سەركىنى جايلىماي» دەپ، ئېيىق بىلەن تۈلكىنى باشلاپ كەلمەكچى بوپتۇ. سەركىلەر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپتۇ. بۆرە ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يالغۇز قوغلاپتۇ. سەركىلەر بۆرە يېتىپ كەلگىچە بىر يارلىقتىكى بۇ تەرەپتىن كىرسە ئۇ تەرەپتىن چىقىپ كېتىدىغان يوغان تۆشۈكنى كۆرۈپ، شۇ يەرگە كىرىۋاپتۇ. بۆرە يېتىپ كېلىپ، تۆشۈككە بېشىنى تىقىشىغا سەركە مۈڭگۈزى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى قىسىۋاپتۇ. قوشقار تۆشۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ، بۆرىنىڭ قوسىقىغا كېلىشتۈرۈپ ئۈسۈپتۇ. بۆرە مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، تۇمشۇغىدىن قېنىنى ئېقىتىپ قېچىپتۇ. ئىگىز تاغقا چىققاندا بىر نەچچە بۆرىگە ئۇچراپتۇ.

— ئۈچ نەرسىگە يولۇقۇپ قالدىم بىرى ئۇزۇن قىسقۇچى بىلەن بوينۇمنى قىستى. بىرى يوغان بازغىنى بىلەن راسا سالدى، ئاران دىگەندە قۇتۇلدۇم، — دەپتۇ يالغۇز بۆرە.

— ئۇنداق بولسا باشلا. ئۇلارنىڭ جازاسىنى بىز بېرەيلى، — دەپتۇ بۆرىلەر. شۇنىڭ بىلەن سەركىلەرنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. قوشقار ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىنلا كۆرۈپتۇ.

— ئاپلا، بىر توپ بۆرە كېلىۋاتىدۇ. قاچايلى، — دەپتۇ

قوشقار. ئۈچى قېچىپتۇ. قېچىپ بىر چىنار تۈۋىگە كەپتۇ، سەركە قوشقار بىلەن توپاقنى چىنارغا چىقىرىۋېتىپ، ئارقىسىدىن ئۆزى چىقىپتۇ.

بىر هازادىن كېيىن، بۆرىلەر يېتىپ كېلىپ، چىنار ئۈستىدىكى سەركە، قوشقار، توپاقنى كۆرۈپتۇ، ئۇلارنى قۇتۇلالمايدۇ، دەپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى چىقىپ چىنارغا يامىشىپتۇ. سەركە:

— بۇ بۆرىلەر يەنە كەپتىغۇ، قوشقار ئاكا، قېنى مەن قىساي، سەن بازغان بىلەن كېلىشتۈرۈپ سال، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا، ئەدىۋىنى راسا يېگەن ھىلىقى بۆرە ھەممىسىنىڭ ئاستىدا ئىكەن. سەركىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ جان - پىنى چىقىپتۇ - دە، بىر سىلكىنىپلا قېچىپتۇ. ئۇنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ چىنارغا ياماشقان بۆرىلەر بىراقلا دومىلاپتۇ. بىرنەچچىسى ئۆلۈپ بىرنەچچىسى يارىلىنىپتۇ. ساقلىرى ھىلىقى يالغۇز بۆرىگە قوشۇلۇپ قېچىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سەركىنىڭ ھىلىسى بىلەن قوشقار ۋە توپاق ھەممە بالادىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئۇلار شۇندىن بېرى غەمسىز ياشاپ كەپتۇ.

(«گۈلستان» نىڭ 1980 - يىل 2 — 3 — قوشما سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى مۇجىبت ئوسمان.

# ئۈچ ئالتۇن قوچاق

بۇرۇن بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ قول ئاستىدىكى خانلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، تۇرى، رەڭگى، سالمىقى ئوخشاش ئۈچ ئالتۇن قوچاق ياسىتىپتۇ. ئاندىن ئۇ قوچاقلارنى بىر خانغا ئەۋەتىپ: «بۇ ئۈچ قوچاقنىڭ باھاسى ئۈچ خىل، بىرىنچىسى ئەرزان، ئىككىنچىسى قىممەترەك، ئۈچىنچىسى قىممەت. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نىمە ئىكەنلىكىنى تاپسۇن» دەپتۇ.

خان ھىلىقى قوچاقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان چۆرۈپ قارىغان بىلەنمۇ ئىمىشقا باھاسىدا پەرق بارلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. خاننىڭ بېشى قېتىپ، ساراي ئەھلىنى چاقىرىپتۇ ۋە قوچاقلارنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى تېپىڭلار، دەپ ئەمرى قىپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ بىرنىمە دىيەلمەپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ، ئەرزىمەس ئەيىپ بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر كەمبەغەل يىگىت قوچاقلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ – دە، خانغا:

— رۇخسەت بولسا قوچاقلارنىڭ پەرقىنى مەن تېپىپ باقسام، ئەگەر تاپالىسام بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى زىنداندىن ئازات قىلغان بولسىلا،... — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. خان «مەن تېگىگە يېتەلمىگەن ئىشنى ئۇ قانداق بىلەلىسۇن...» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يىگىتنى سارايغا چاقىرىپتۇ. قوچاقلارنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت دىققەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ چىقىپ، قوچاقلارنىڭ قۇلاقلىرى تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ بىر ئىنچىكە شوپۇڭ تېپىپ قوچاقلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىكەن، شوپۇڭنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. شو پۇڭنى ئىككىنچى قوچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىكەن، يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپتۇ. ئۈچىنچى قوچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەندە شوپۇڭنىڭ ئۇچى قوچاقنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن چىقماپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— ئى خان، بۇ قوچاقلار ئادەمگە ئوخشايدىكەن، بىرىنچى قوچاق بىر سۆز ئېيتسا ئۇنى ئىككىنچى بىرىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ باھاسى ئەرزان. ئىككىنچى قوچاق — قىلغان سۆز بىر قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. مۇنداق ئادەملەر بىپەرۋا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، قىلغان نەسىھەتنى ئالمايدۇ. ئۈچىنچى قوچاق ھەرقانداق سۆزنى، ھەرقانداق سىرنى ئىچىدە ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان، ئەقىللىق، تۇتاملىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنىڭ تامايىنى يۇقۇرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر، — دەپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان ساراي ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. خان خوشال بوپتۇ. يىگىتنى ساراي ئەھلىگە ماختاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنى زىنداندىن ئازات قىلىۋېتىپتۇ — دە، ھەر بىر قوچاققا ئۆز باھاسىنى يازدۇرۇپ پادىشاغا قايتۇرۇپتۇ....

(«يېڭى قاشتېشى» نىڭ 1981 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ھەمتىلى سايىت

## ھىلىگەر تۈلكىنىڭ ئاشكارىلىنىشى

بۇرۇن ناھايىتىمۇ گۈزەل ياپ - يېشىل ئوتلىرى يەلپۈنۈپ، سۈپ - سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان يايلاقتا تاغ ئۆشكىسى، ئارقار، توشقان، تىيىن، بۆدۈنە، قىرغاۋۇل ... قاتارلىق ھەرخىل ھايۋان، ئۇچار قۇشلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن.

ئۇلار شۇنداق تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارغا بىر تۈلكە كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. تۈلكىنىڭ تەقى - تۇرقىدىن بىرخىل خۇشامەتنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا يايلاقنىڭ ئەھلى تۈلكىگە تازا ئىشەنمەي، ئۇنى ئۆز قېتىغا ئالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ تۈلكە ھىگگىنىپ، خۇشامەتلىرىنى زادى تاشلىماپتۇ. باشقىلار خۇش كۆرمىسىمۇ، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ نايناقلىغان پېتى ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ چىقىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يايلاق ئەھلى تۈلكىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا كۆنۈپ قاپتۇ ۋە تۈلكىنى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارغا ئارىلاشتۇرىدىغان بوپتۇ.

يايلاق ئەھلى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانلىرىدا دائىم ئۆيدە قالغان بالا - ۋاقىلىرىدىن ئەنسىرەپ، بىر كۆزى ئارقىسىدا قالىدىكەن، بۇنى سېزىۋالغان تۈلكە جامائەتكە:

— بولدى، ئۆيدىن، بالا - چاقاڭلاردىن خاتىرجەم بولۇڭلار! مەن پاسىۋانلىق قىلاي! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياىلاق ئەھلى تۈلكىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئۇزۇق ئىزلەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. كەچتە قايتىپ كەلسە، ئۆيلىرى سۈپۈرۈلگەن، ئوتۇنلار يېرىلغان، كۆپلەرگە سۇ توشقۇزۇلغان. ئۇلارنىڭ باللىرى قىن - قىنىغا پاتمىغان هالدا خۇشال بولۇشۇپ:

— ئانا! دادا!... تۈلكە ئاچام نىمە دىگەن ياخشى، نىمە دىگەن ياخشى! — دىيىشىپ چۇقۇرۇشۇپ ئالدىلىرىغا چىقىشىپتۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشتىن تولىمۇ خوشاللىنىپتۇ. بارا - بارا تۈلكىگە ئىشىنىپتۇ، ئۆي - ۋاقلىرىنى، بالا - چاقلىرىنى تۈلكىگە تاشلاپ بىخىرامان چىقىشىپ كېتىشىدىغان بولۇشۇپتۇ.

ياىلاق ئەھلىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگەن تۈلكە ئەسلىدىكى هۈنىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلاپتۇ. هەر كۈنى دىگۈدەك پاخلان، ئوغلاق، بۆجەن، چۆجىلەر تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق ئىشلار ئاۋۇغانسېرى ئىناق ياىلاق ئەھلى ئارىسىغا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇغى چېچىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - ئىغۋالار پەيدا بولۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى تۈلكە تۈيدۇرماي قىلىدىكەن. ئۇلار بۇ مالىمانچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىر باشلىق سايلاپ شۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن جاڭجال چىقىپتۇ. تاغ ئۆشكىسى ئارقارنىڭ باشلىق بولۇشىغا قوشۇلمايدىكەن. توشقان، تىيىنگە ئۇنىمايدىكەن. بۇدۇنە قىرغاۋۇلنى ياقتۇرمايدىكەن، ئاخىر هەممىسى بىر ئىغىزدىن تۈلكىنى «كىشىنىڭ هەققىنى يىمەيدۇ»، «ساپ دىل» «سەمىمى» دەپ قاراپ ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىشىۋاپتۇ. لېكىن ئىشلار كۈتكەندەك بولماپتۇ. بالا - چاقلار يەنە يوقاپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى قىرغاۋۇلنىڭ بىراقلا ئىككى بالىسى يوقاپتۇ. ئۇ زار - زار يىغلاپتۇ. ئەتراپنى ئىزلەپتۇ، ئىزلەپ كەلسە، بىر قارىغاينىڭ تۈۋىدە بىر بالىسىنىڭ ئۆلۈكى تۇرغۇدەك. تازا سىنچىلاپ قارىسا بالىنىڭ بېشى مىجىل-

غان. بۇ مەجلىغان باشتا تۈلكىنىڭ تۈكلىرىگە ئوخشايدىغان تۈكلەر تۇرغۇدەك.

قىرغاۋۇل تۈلكىدىن گۇمانلىنىپ دوستلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە غۇلغۇلا پەيدا بولۇپتۇ. بەزىلىرى:

— تۈلكە ناھايىتى يۇۋاش، ساپ دىل، ئۇنىڭ ساپ دىللىقى نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلانغان، — دىسە، يەنە بەزىلىرى:

— ھەي، ھازىر ھەركىمگە ئىشىنىۋەرگىلى بولمايدىغان بولۇپمۇ قالدى، — دەپ ئۇھ تارتىشىپتۇ.

پەقەت ئارقارلا ئىندىمەپتۇ. ئۇلار تۈلكىگە دەرت ئېيتىپ كەلسە، تۈلكە بىخارامان ھالدا:

— مىنىڭ سۆزۈمگە كىرمەي بىشى قايغان يەرلەردە يۈرۈپ شۇنداق ئىشلار بولۇپتۇ، باللىرىڭلارغا ئوبدان نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلار! مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسۇن، — دەپتۇ.

تۈلكىدىن گۇمانلانغان ئارقار ئەتىسى دوستلىرىغا بەك يىراققا كەتمەسلىكنى ئېيتىپتۇ، ئۆزىمۇ سەپەر جابدۇغىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ - يۇ، يوشۇرۇن يېنىپ كېلىپ، ماراپ تۇرۇپتۇ. چۈشكە يېقىن ھىلىگەر تۈلكە بىر تىيىننىڭ بالىسىنى چىقىرىتىپ قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئۆزىنى باسالماي قالغان ئارقار ئۆز گۇمانىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ - دە، تۈلكىگە ئېتىلىپتۇ. جىددى جەڭ باشلىنىپتۇ. ئارقار تۈلكىنى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچىنى ئۈسۈپتۇ. تۈلكە ھالىدىن كېتىپتۇ. ئاڭغىچە ئارقارنىڭ ھەمراللىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار تۈلكىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى چۈشىنىپتۇ - دە، غەزەپ بىلەن ھالسىزلانغان تۈلكىگە تاشلىنىپتۇ ۋە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ، بىراقلا ئۆچىنى ئاپتۇ. يايلاق ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ بىخۇتلۇقلىرىغا پۇشمان قىلىشىپ، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ھوشىيارلىق بىلەن يىڭىۋاشتىن ئىناق ياشىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خەلچەم تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## زىرەك يىگىت ۋە زالىم پادىشا

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، دۇنياغا يەتكەن بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان شاھزادە ھەم بەگزادىلەر پادىشاغا كۈيوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەينى - كەينىدىن ئەلچىلەر ئەۋەتىشىپتۇ. لېكىن، پادىشا كۈيوغۇلنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمنى كۈيوغۇللۇققا مەقبۇل كۆرمەپتۇ. ئەلچىلەر كېلىۋېرىپ، پادىشانىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋېرىپتۇ. پادىشا ئەلچىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ بىر ھىلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ: «كىمكى ماڭا كۈيوغۇل بولماقچى بولىدىكەن يەتتە يالغان سۆز قىلىپ مېنى قايىل قىلىشى كېرەك. قايىل قىلالىسا ئۇنىڭغا قىزىمنى بېرىمەن. ئەگەر ئېيتقانلىرىنىڭ بىرسى راست بولۇپ قالسا، كاللىسىنى ئالىمەن» دەپ جاكالاپتۇ. قىزنىڭ پىراقىدا ئاھ چېكىپ يۈرگەن نۇرغۇنلىغان شاھزادە، بەگزادىلەر شاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قىل سىغمايدىغان گەپلەرنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، زالىم پادىشا يالغاننى قەستەن راستقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېرىپتۇ. ھەتتا: «مەن تۇغۇلمىغان ۋاقتىمدا، ئانامنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرەتكەن» دەپ سۆز باشلىغۇچىلارغىمۇ «بۇ قانداق يالغان بولسۇن. ئاناڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا، سەن ئاناڭنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تۇر-

ساق ئاناڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاناڭنىڭ پېشانىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن!» دەپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. بۇ ئەھۋال مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلارنىڭ شىرىن خىياللىرىنى ئاسمانغا توزۇتۇۋېتىپتۇ.

بۇ شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا، ئىنتايىن ئەقىللىق ھەم زېرەك بىر دىخان يىگىت بار ئىكەن. ئەل - جامائەت قىيىن ئىشلارغا دۇچكەلسە، بۇ يىگىتتىن مەسلىھەت ئېلىپ ئىش قىلىدىكەن. مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ كاللىسى ئېلىنغان شاھزادىلەرنىڭ پاجىئەسى بۇ يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. يىگىت پادىشانىڭ ھىيلىسىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، پادىشانىڭ ئۆز ھىيلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ - دە، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يىگىت ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خەۋەرچىلەرگە:

— مەن يەتتە يالغان سۆز ئېيتىپ، پادىشاغا كۈيئوغۇل بولغىلى كەلدىم. پادىشاغا خەۋەر قىلىڭلار! — دەپتۇ.

خەۋەرچىلەر پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ.

— ئەجىلى توشقاندىن يەنە بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ. چاقىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ پادىشا. خەۋەرچىلەر يىگىتنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. يىگىت ئوردىغا كىرىپ، پادىشاغا تازىم قىلغاندىن كېيىن:

— مەن شاھىمىزنىڭ مۇقەددەس شەرتلىرىنى ئورۇنلىغىلى كەلدىم. مەندەك بىر كەمبەغەلنى پەس كۆرمەي قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا يەتتە يالغان سۆز ئېيتىسەن. بىرسى راست بولۇپ قالسا، كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ پادىشا.

— مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار، — دەپتۇ يىگىت پادىشاغا، — مېنىڭ يالغان سۆزلىرىمگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەستىقلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇۋا بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر، ئۆلىما، مۇنەججىملەرنى بۇ يەرگە جەم قىلسىلا، ئاندىن سۆزۈمنى باشلاي.

پادىشا يالغاننى راستقا ئايلاندۇرۇش ماھارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئوردا ئەھلىنى جەم قىپتۇ. يىگىت سۆزىنى باشلاپتۇ:

— مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ قانۇنىي پادىشاسى بولىمەن، سىلە ۋاقىتلىق ئىش باشقۇرغۇچى بولۇپ تۇرغان، ئەمدى مېنىڭ پادىشالىقىمنى بېرىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ يىگىت.

— يالغان، — دەپتۇ پادىشا، — سەن قانداقچە بۇ شەھەرنىڭ قانۇنىي پادىشاسى بولىسەن؟

— بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم مەن ئون ياشتا ئىدىم، ئۇ چاغدا بۇ شەھەرگە مەرھۇم دادام پادىشا ئىدى. سىلە ئاددى بىر مۇنەججىم ئىدىلە، — دەپتۇ يىگىت.

— يالغان! — دەپتۇ پادىشا تىرىكىپ، — مەن پادىشا بولغىلى ئەللىك يىلدىن ئاشتى. بىز ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقىچە پادىشا بولۇپ كېلىۋاتىمىز.

— دادام ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ: «مېنىڭ تەخت ۋارىسى بولغۇچى ئوغلۇم تېخى كىچىك. يۇرت سوراشنى تېخى بىلمەيدۇ. ئوغلۇم چوڭ بولغىچە، ئۆزلىرى ۋاقىتلىق ئىش باشقۇرۇپ تۇرسىلا. بالام بالاغەتكە يەتكەندە ئورنۇمغا پادىشا بولىدۇ. ئۆزلىرى بالامغا مەسلىھەتچى بولسىلا» دەپ تاپىلىغان ئىدى، — دەپتۇ يىگىت.

— يالغان! — دەپتۇ پادىشا تېخىمۇ تىرىكىپ ۋە «جاللات!» دەپ ۋاقىراپتۇ.

— سەۋرى قىلسىلا پادىشاھى ئالەم، گېپىم تېخى تۈگىمىدى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ يىگىت، — دادام ئۆزلە-

رىگە «ئوغلۇم چوڭ بولغىچە خىراجەت قىلسۇن، سىلە ئۇنىڭ
تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالسىلا» دەپ ئون مىڭ سەر ئالتۇن بەر-
گەن ئىدى، ئەپسۇسكى سىلە تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئالماقتا يوق،
مېنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردىلا.
— يالغان! — دەپ ۋاقىراپتۇ شاھ دەرغەزەپ بولۇپ.
— مەرھۇم دادام ئۆزلىرىگە: «ئوغلۇم يېتىم قالىدىغان
بولدى، بالاغەتكە يەتكەندە، ئوغلۇم يېتىمسىراپ قالمىسۇن، ئۆز-
لىرى ئاتا بولۇپ ئۆيلەپ قويسىلا» دېگەندە، ئۆزلىرى «ئۇنىڭ-
دىن خاتىرجەم بولسىلا، ئوغۇللىرى مېنىڭ قىزىم بىلەن تەڭ-
تۇش، قىزىم بويىغا يەتكەندە، ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ
قويىمەن» دېگەن ئىدىلە، — دەپتۇ يىگىت.
— يالغان! — دەپتۇ پادىشا جالاقلاپ تىترەپ ۋە ئۇنىڭ
كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپتۇ.
— دادام رەھمەتى ئۆزلىرىنىڭ «قىزىمنى ئوغۇللىرىغا بې-
رىمەن» دېگەن سەمىمى سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش
ئېلىپ، قىزلىرىنىڭ كەلگۈسى تويى ئۈچۈن يەنە ئۆز بىساتى-
دىن ئوتتۇز مىڭ سەر ئالتۇن بەرگەن ئىدى، — دەپتۇ يىگىت.
— يالغان! — دەپ ۋاقىراپتۇ شاھ غەزىۋىنى باسالماي
ۋە جاللاتنى چاقىرىپتۇ. شۇ ھامان ئىككى جاللات ئايپالتىلىرى-
نى كۆتىرىشىپ كىرىپ كېلىشىپتۇ. يىگىت ھودۇقماستىن:
— ئالدىرىمىسىلا پادىشاھى ئالەم، گېپىم تۈگىمىدى. گې-
پىم تۈگىگەندە جاللاتقا تاپشۇرسىلىمۇ كېچىكمەيلا، — دەپتۇ
ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ:
— دادام ئۆزلىرىگە: «مەن ئاخىرەتكە كېتىپ بارىمەن.
بۇ يەردە ئىككىمىز ۋە ئوغلۇمدىن بۆلەك ئادەم يوق. مېنىڭ
ۋەسىيىتىمگە سادىق بولۇش ھەققىدە ۋەدە بەرسىلە» دېگەندە،
ئۆزلىرى «مۇبادا، مەن ئۆزلىرىنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە خىلاپلىق قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ تۇرۇۋالسام، ياكى ئوغۇللىرى دەۋا قىلسا يالغان دەپ تۇ-رۇۋالسام، خۇدانىڭ ئالدىدا ئىخىر گۇنا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شۇ كۈنلا قان قۇسۇپ ئۆلەي، ئۇ ئالەمدە يۈزۈم قارا قوپسۇن» دەپ قەسەم ئىچكەن ئىدىلە.

پادىشا يىگىتنى يالغان سۆزلىتىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ ئۆزىنى يوقىتىپتۇ. يىگىتنىڭ سۆزى تۈگىگەندە پادىشا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ۋەزىر، مۇنەججىملەر پادىشانى يۆلەپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ھوشىغا كېلىپ يەنە بىر قېتىم «يالغان» دەپ ۋاقىراپتۇ ۋە جاللاتنى چاقىرىپتۇ.

— جانابى ئالىيلىرى، — دەپتۇ يىگىت، — ئۆز ۋەدىلىرىدە تۇرىدىغان بولسىلا مەن يەتتە يالغاننى ئېيتىپ بولدۇم. ئۆزلىرىمۇ ھەممىسىنى «يالغان» دەپ تەستىقلاپ تۇردىلا. شۇڭا مەن جاللاتقا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئەمەس. بەلكى ئالىيلىرىنىڭ كۈيوغۇلى بولۇشقا تېگىشلىك. ئەگەر «دېگەنلىرىڭ راست» دىسىلە، ئۇ چاغدا ھازىرقى پادىشا سىلە ئەمەس بەلكى، مەرھۇم ئاتامنىڭ تەخت ۋارىسى بولغۇچى — مەن بولىمەن. پادىشالىقنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىشلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

پادىشانىڭ راست ياكى يالغان دېيىشكە زادىلا ئاغزى بارماي، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ.

پادىشانىڭ زالىملىقىدىن جاق تويغان ئۇردا ئەھلى يىگىتنى پادىشا قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. پادىشانىڭ قىزىنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىپتۇ. يىگىت ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، زالىملارنى مات قىپتۇ، ئەل قەلبىنى شات قىپتۇ.

(«تارىم» نىڭ 1983 - يىل 9 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ئەمەت ئىدرىس

# ئۆمۈر توغرىسىدا

قېرىلىق يەتكەنلىكتىن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياستۇقتىن بېشىنى كۆتەرمەي ياتىدىغان بولۇپ قالغان بىر بوۋاي، ئاماللىزلىقتىن باللىرىغا «ئۇنى قىلىۋەت، بۇنى قىلىۋەت» دېسە باللىرى ئالىيىپ قارايدىكەن. تەپ تارتماستىن ۋاقىرايدىكەن. بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھەي بەدبەختلەر، ھەرقايسىڭ تېخى ماڭا گەپ ياندۇرۇپ، ۋاقىرايدىغان بولۇشتۇڭمۇ؟» دەپ ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، باللىرىغا ھەيۋە قىلسا، كەمپىر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، «ھوي دادىسى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، سىلىمۇ ياش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ باللارغا ئوخشاش شاش بولغان. ياشلىق قىلىپ دادىلىرىغا ۋاقىرىغان، سۆز ياندۇرغان، ئالىيىپ قارىغان بولغىيتتىلە، شۇ قىلغانلىرى ئەمدى ئۆزلىرىگە يېنىۋاتىدىغاندۇ. بۇنىمۇ ئويلاپ باقسىلا. ئەڭ ياخشىسى، باللارغا چىرايلىق گەپ قىلسىلا، باللار چىرايلىق سۆزلەشنى سىلىدىن ئۆگەنسۇن ...» دەپ بوۋاينىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي باللىرى ۋاقىرىسىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جىم بولۇپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر ئاغىنىسى يوقلاپ كەپتىكەن، بوۋاي ئۇنىڭغا قوساق كۆپۈگىنى تۆكۈپ، باللىرىنىڭ ئۈستىدىن داتلاپ بېرىپتۇ. ئاغىنىسى بوۋاينىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالەم، ئادەم ۋە پۈتۈن مەخلۇقات — مەۋجۇداتلار يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياراتقۇچى پەرىشتىگە بىر كىتاب بېرىپ:

— مېنىڭ ئىشىمنىڭ «يارىتىش» دېگەن باسقۇچى تاماملاندى. ھەممە جانلىقلارنى ئەركەك، چىشى قىلىپ بىر جۈپتىن ياراتتىم. ئەمدى ئىككىنچى باسقۇچقا، يارىتىلغۇچىلارنىڭ نامى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى ... قاتارلىقلارنى جاكالاش باسقۇچىغا ئۆتىمىز. بۇ باسقۇچنىڭ ھەممە تەپسىلاتى مۇشۇ كىتابتا بايان قىلىنغان. سەن بېرىپ مېنىڭ نامىمدىن ئۇلارغا جاكا قىلغىن! — دەپتۇ.

ياراتقۇچىنىڭ پەرىشتىگە ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئەڭ دەسلەپ ئۇزۇن قۇلاق ئېشەك ئاڭلاپ قاپتۇ — دە، ھاڭگىرىغىنىچە پەرىشتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پەرىشتە، بىزنىڭ نامىمىز نېمە ئىكەن. بىز نېمە ئىش قىلىمىزكەن، نېمە يەپ كۈن كەچۈرىمىزكەن، بۇلارنى ئىتتىگرەك بىلگۈمىز كېلىۋاتىدۇ. چاپسانراق ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەيتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پەرىشتە، — سىلەرنىڭ نامىڭلار ئېشەك. سىلەرنى ئالەمدىكى جەمى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئادەملەر ئىشلىتىدۇ، مىنىدۇ، ئۈستۈڭلەرگە يۈكلەرنى ئارتىدۇ، ھارۋىلارغا قاتىدۇ، خامانلاردا تۇلۇق سۆرىتىدۇ. قىسقىسى ئادەملەر ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان، سىلەر يارايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە سىلەرنى سالىدۇ. بېشىڭلارغا نوختا سېلىپ قوزۇققا باغلايدۇ، ئېغىلغا سولاپ قويىدۇ. ئوت — خەس يەپ كۈن كەچۈرىسىلەر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك چۆچۈپ كېتىپ تاقەتسىزلىك بىلەن:

— قانچە ۋاقىت ئۆمۈر كۆرىمىزكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىرىق يىل، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پەرىشتە.

— ۋاي - ۋۇي... قىرىق يىل مۇشۇنداق جاپا چېكىپ
ئۆتىمىزمۇ؟ ياق، مەن بۇنىڭغا چىدالمايمەن. ئۇلۇغ پەرىشتەم،
رەھىم قىلىپ مېنىڭ جاپالىق ئۆمرۈمنى بىرئاز قىسقارتىپ
بەرسىلە، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئېشەك.

— ياراتقۇچىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئۆمرى قىرىق يىل.
لېكىن ئۆزەڭ بۇنى ئۇزۇن دەپ بىلگەن ئىكەنسەن، تەلىۋىڭ
بويىچە تەگىشەشكە تىرىشىپ كۆرەيمەن. قىرىق يىلىڭ يىرىمى-
گە رازى بولامسەن؟ — دەپتۇ پەرىشتە.

— مەن رازى، — دەپتۇ ئېشەك. پەرىشتە ئۇنىڭ ئۆمرى-
دىن قىرىق يىلنى ئېلىپ قاپتۇ. ئارقىدىن ئىت كەپتۇ. ئۇمۇ
پەرىشتىگە ئېشەك قويغان سوئالنى قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ نامىڭلار ئىت، تۈرىڭلار كۆپ. بەزىلىرىڭلار
كوچا - كويلاردا سوكۇلداپ سەرسان بولۇپ يۈرۈيسىلەر. بەزى-
لىرىڭلارنى ئادەملەر خىزمەتكە سالىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ قورا-
جايلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىسىلەر. چارۋىلىرىنى بۆرە ۋە باشقا
يىرتقۇچلاردىن قوغدايسىلەر. باشقا ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىمۇ
بېجىرىسىلەر. ئادەملەر قايسىڭلارنى ئۆز خىزمىتىگە قوبۇل قىل-
سا، بويۇنۇڭلارغا زەنجىر سېلىپ بىر بۇلۇڭغا قوزۇق قېقىپ يا-
كى تۈۋرۈك ئورنىتىپ شۇنىڭغا باغلاپ قويىدۇ. ئالدىڭلارغا ئۇس-
تىخان تاشلاپ بېرىدۇ. يالاقا يۇندىلارنى تۆكۈپ بېرىدۇ. سۆ-
ڭەك غاجاپ، يۇندا يالاپ كۈن كەچۈرىسىلەر. ياراتقۇچى سىلەر-
نىڭ ئۆمرۈڭلارنىمۇ قىرىق يىل قىلىپ بېكىتكەن، — دەپتۇ
پەرىشتە. ئىت ھودۇققىنىدىن پەرىشتىگە قاراپ ھاۋشىپ كېتىپتۇ.
ئاخىرى ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پەرىشتە، بىز زەنجىرگە باغلىنىپ، سۆڭەك
غاجاپ، يۇندا يالاپ قىرىق يىلنى قانداقمۇ ئۆتكۈزىمىز؟ ئىلتى-
پات قىلىپ ئۆمرىمىزنى بىرئاز قىسقارتىشقا ئامال قىلىپ بەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلە، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئىت.

— ئۇنداق بولسا يىگىرمە يىلنى ئېلىۋەتسەك رازىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىشتە.

— ئۇنداقتا بەكمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، — دەپتۇ ئىت. پەرىشتە ئىتنىڭمۇ يىگىرمە يىللىق ئۆمرىنى ئېپقاپتۇ. ئاندىن ئادەم كەپتۇ. پەرىشتىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ۋە پەرىشتىدىن بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە سوراپتۇ:

— سىلەرنىڭ نامىڭلار ئادەم. دۇنيادىكى جىمىكى جانلىقلارنىڭ ئەڭ ئەزىز، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئۇلۇغى بولىسىلەر. سىلەر خىلمۇ - خىل نەرسىلەرنى كەشپ قىلىسىلەر. گايىدا ھاۋادا ئۇچىسىلەر. گايىدا دېڭىز-ئوكيانلاردا ئۈزىسىلەر. ئەڭ لەززەتلىك نەرسىلەرنى يەيسىلەر. ئازادە كىيىنىسىلەر. ئالەمنىمۇ، جىمى مەخلۇقات - مەۋجۇداتلارنىمۇ بوي سۇندۇرالايسىلەر. ئەمما، پەقەت قىرىق يىللا ياشايسىلەر، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ پەرىشتە. پەرىشتىنىڭ بايانىنى ئاڭلىغان ئادەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە پەرىشتىگە قاراپ:

— ئەي، ئۇلۇغ پەرىشتەم، بىز ئادەملەر شۇنچە ئۇلۇغ ئىكەنمىز، بىراق ئۆمرىمىز تولىمۇ قىسقا بولۇپ قاپتۇ. بۇنى بىر ئاز ئۇزارتىپ بېرىشكە بولماسمىكىن؟ — دەپتۇ.

— ماقۇل، ياراتقۇچىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بېرىلمىگەن. ئەمما ئىشەك بىلەن ئىتنىڭ تەلىۋى بويىنچە ئۇلارنىڭ ئۆمرىدىن ئېپقالغان قىرىق يىل بار. بۇنى سىلەرگە قوشۇپ بەرسەك قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىشتە. ئادەم بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ...

بوۋاينىڭ دوستى ھىكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە:

— ھەي بۇرادەر، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ياراتقۇچى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئۆمرىنى قىرىق يىل قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەمما

قىسـ
يۇقۇرقىدەك سەۋەپلەر تۇپەيلى بەزى مەخلۇقلار ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرىدۇ. پەقەت ئادەملەرلا سەكسەن ياش ئەتراپىدا ياشايدۇ. لېكىن بەزگە بىردالگەن ئالدىنقى قىرىق يىللىق ئۆمۈر ياراتقۇچىنىڭ خەزىنىسىدىن بېرىلگەن. شۇڭا مۇشۇ دەۋردە كىشى ئاجايىپ ساغلام كۈچلۈك، روھلۇق، چىرايلىق، غەيرەتشىجائەتلىك، ئىشتەيلىك، خۇشخۇي، ئىجاتكار... بولىدۇ. كېيىنكى قىرىق يىل بولسا ئالدىنقى قىرىق يىلغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇ دەۋردە ئادەم يۇۋاشلاپ، يۇمشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە يېنى يەر تارتىپ تۈرۈلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىلىرىڭنىڭ ۋاقىرىشى بىلەن جىم بولۇپ قېلىشىڭ، ئېھتىمال بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالغانلىقىڭدىن بولسا كېرەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ.

(«تارىم» نىڭ 1983 - يىل 9 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: نەجمىدىن سىدىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مايمۇنلار ۋە ئېيىقلار

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتىمۇ كەڭ، بىر بىيۈك جاڭگاللىق بار ئىكەن. بۇ جاڭگالدا بىر توپ مايمۇنلار ياشايدىكەن. جاڭگالدا ياۋايى مېۋىلەر كۆپ ئىكەن، مايمۇنلار يېمەك - ئىچمەكتىن زادىلا غەم قىلمايدىكەن، بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ياخشى، سۈيى ئەلۋەك ئىكەن. مايمۇنلار ئۆم - ئىناق ۋە خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆمۈر سۈرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، مايمۇنلار بەزمە قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ. داستىخانلارغا ھەر خىل ھۆل - قۇرۇق يېمىشلەر، نازۇنېمەتلەر تىزىلىپ، خۇمىلاردا مەي - شاراپلار كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇسۇلچىلار، نەغمىچىلەر نەغمە - ناۋا، ئۇسۇلنى قىزىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئاشۇنداق زوق - شوق بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىۋاتقاندا تاغ تەرەپتىن بىر ئېيىق كېلىپتۇ ۋە مايمۇنلارنىڭ يۇرتىنى، ئۇلارنىڭ غەمسىز - باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئىچى تارلىقى تۇتۇپتۇ، كۆڭلىدە ھەسەت ئوتلىرى باش كۆتىرىپتۇ. ئېيىق: «بۇ قانداق دېگەن نامۇۋاپىق تەقسىمات، ئېيىقلاردەك ئالى نەسىل، ھايۋاناتلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋىرى بولمىش بىر تائىپە ئەرزىمىگەن بىر چۆل - دەشتكە ئورۇنلىشىپ، ئۆمرىنى جاپا - مۇشەققەت، غەم بىلەن ئۆتكۈزسۇنۇ، نەدىكى بىر ئەرزىمەيدىغان، ھايۋاناتلار ئىچىدىكى ئەڭ پەس سانىلىدىغان مايمۇنلار شۇنچە گۈزەل، باياشات ۋە ئىسىل ماكاننى ئىپلاس ئاياقلىرىدا

چەيلەپ، بىزەپ قىلىپ بۇلغىسا، ئۆزىگە ماكان قىلىۋالسا بولامدۇ؟ ياق، بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇنداق جاي پەقەت بىز ئېيىقلاردەك ئالىي مەرتىۋىلىكلەرگە مۇناسىپ. مايمۇنلارنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىش لازىم. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۆزى يالغۇزلا ھۇجۇم باشلاپ، مايمۇنلارنىڭ خۇشال - خۇراملىقىنى بۇزماقچى، ئۇلارنى بۇ يەردىن ھەيدىمەكچى بوپتۇ. شۇ ئارىدا بىر مايمۇن بىر چېقىرىغان ئىكەن، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا مىڭدىن ئارتۇق مايمۇن پەيدا بولۇپ ئېيىقنى ئارىغا ئېلىپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ. باش - كۆزى قانغا بويالغان ئېيىق مايمۇنلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ تاققا قېچىپتۇ.

ئۇ ئۆز تۇپىغا كېلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، مايمۇنلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېيىقلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتىرىلىپتۇ.

— بۇ بىز ئېيىقلار ئۈچۈن نومۇس ئىش. ئاشۇ ئەرزىمەس مايمۇنلار بىزنى شۇنچە ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلسا قانداق چىداپ تۇرالايمىز؟ ئەگەر ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئەدەپ جازاسىنى بەرمەيدىغان بولساق، شەنىمىزگە ئېغىر داغ چۈشۈپ، ئەۋلاتلىرىمىز باش كۆتىرىپ يۈرەلمەيدۇ» شۇڭا ئۇلارغا بىر كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئاشۇ گۈزەل ماكاننى ئىگەللەيلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ئېيىقلاردىن بىرى.

ئېيىقلار مايمۇنلارغا ھۇجۇم قىپتۇ، شۇ كەملەردە مايمۇنلارنىڭ پادىشاسى ۋەزىر - ئەمرا ۋە ئاساسلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ باشقا بىر مايمۇنلار ئېلىگە مېھماندارچىلىققا كەتكەن ئىكەن. جاڭگالدىكى پۇقرا مايمۇنلار ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر بولۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىكەن. ئېيىقلار شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىپ، كۆپلىگەن مايمۇنلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، گۈزەل ماكان.

مايمۇنلارنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپتۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى مايمۇنلار جېنىنى ئېلىپ، بۇ ئاۋات - گۈزەل ماكاننى تاشلاپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بۇ ماكان ئېيىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ئېيىقلار بۇ ماكاندا ئېغىناقلاپ راھەت - پاراغەت سۈرۈپتۇ.

مايمۇنلارنىڭ پادىشاھى مېھماندارچىلىقنى تاماملاپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئېيىقلاردىن قېچىپ قۇتۇلغان بىر قانچە مايمۇن ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى پادىشاسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ يىغا - زارە بىلەن بولغان ھادىسىنى بىر بىرلەپ بايان قىپتۇ.

مايمۇنلارنىڭ پادىشاسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەمگە چۆمۈپتۇ. نازۇ - نېمەتكە تولغان، شۇنداق خۇش ھاۋالىق گۈزەل ۋەتەننىڭ ئېيىقلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ۋەيران بولغانلىقى، قانقېرىنداشلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىغا تولىمۇ ئىچى سىيىپتۇ. لېكىن ئۇ ۋەتەننى ئېيىقلار قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش، مايمۇنلار ئۇچۇن كۈچ جەھەتتە ناھايىتىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىكەن. شاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي غەمگە چۆكۈپ تۇرغىنىدا، بىر مايمۇن شاھقا تازىم قىپتۇ ۋە:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشقا مۇنچىلا غەمگە چۆكۈپ كېتىش ھاجەتسىز. بۇ ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق ئەمەس، سەۋرى كېرەك. بىز مايمۇنلار كۈچ بىلەن ئېيىقلارنى مەغلۇپ قىلالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى پەم بىلەن جايلاش مۇۋاپىق، — دەپتۇ-دە، پادىشانى چەتكە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تەدبىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇنى سىر قىلىپ ساقلاشنى تەلەپ قىپتۇ.

پادىشا بۇ مايمۇننىڭ مەردانە ۋە باتۇرانە تەدبىرىگە ھەيران بوپتۇ ۋە تەسىرلىنىپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مايمۇن شاھ باشلىق بارلىق قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپتۇ. شاھ مايمۇن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، بىرقانچە ساقچى مايمۇنلارغا، ھىلىقى

مايمۇننى بولۇشىچە دۇمبالاشنى، يۈز - كۆزلىرىنى قان - جاراھەت قىلىپ ئاندىن ئۇنى ئېيىقلار ئىگەللىۋالغان ماكانغا خۇپىيانە ئاپىرىپ تاشلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ساقچى مايمۇنلار بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. مايمۇنلار شاھىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران قېلىشىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئېيىقلار ئويغىنىپ كۈندىلىك بەزمىلىرىنى باشلاشقا تەييارلىنىپتۇ. ئېيىقلاردىن بىرقانچىسى ھېلىقى جاراھەتلەندۈرۈلگەن زار - زار يىغلاپ نالە قىلىۋاتقان مايمۇننى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئېيىقلار پادىشاسىغا مەلۇم قىپتۇ. ئېيىق پادىشا ۋەزىر ۋۇزرالىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، قانغا بويىلىپ زارلىنىپ ياتقان مايمۇندىن سوراپتۇ:

— ھەي مەجرۇھ، نىمىشقا بۇ يەردە قان ئىچىدە نالە پىغان چېكىپ ياتىسەن؟ نىمىشقا توپىڭدىن ئايرىلدىڭ؟ سېنى بۇ ھالغا سالغۇچىلار كىم؟

مايمۇن ھالسىرىغان ھالدا بېشىنى كۆتىرىپ، ئۆز ئەتراپىدا تۇرغان ئېيىقلارنى كۆرۈپتۇ ۋە تەدبىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشلاپتۇ:

— ئەي شاھى ئالەم، بۇ كەلگۈلۈك ماڭا قېرىنداشلىرىم بولغان مايمۇنلارنىڭ شاھىدىن كەلدى. مەن ئەسلىدە مايمۇن پادىشانىڭ ئەڭ يېقىن - ئىشەنچلىك ۋەزىرى ئىدىم. بىر كۈنى پادىشاھىم مېنىڭدىن: «ئېيىقلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ئامالىنى تاپ!» دەپ مەسلىھەت سورىدى. مەن: «شاھىم، ئېيىقلار بىزدىن كۈچلۈك. سەلتەنەت، شان - شەۋكەت جەھەتتە بىزدىن ئۇلۇغ. ئۇلارغا ھېچقاچاندا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلمىغىنىمىز تۈزۈك» دەپ مەسلىھەت بەردىم. شاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى - دە، ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇق بەردى. ئۇلار مېنى قاتتىق ئۇردى. مۇشۇ ھالغا كەلتۈر-

دى، مەن ھوشۇمدىن كەتتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەمدى دەرگاھلىرىغا سىغىنىپ پانالىق تىلەيمەن.

شاھ ئېيىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويغا چۆكۈپتۇ ۋە مايمۇننىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇپتۇ. ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنى داۋالاپ دەم ئالدۇرۇپ، ئوبدان قاراپتۇ.

بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن، مايمۇن ساقايغاندا، ئېيىق شاھ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بىزنى ئاشۇ زالىم مايمۇنلار تۇرۇۋاتقان ماكانغا باشلاپ بار. بىز ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمىز، — دەپتۇ.

مايمۇنلارنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشى، ئېيىقلار ئۈچۈن خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرۈپ تۇرىدىكەن «ئۇلار ھامان ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ» دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئېيىقلار مۇشۇ بانا بىلەن مايمۇنلارنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز تازىلىۋەتمەكچى بولغان ئىكەن.

مايمۇن ئېيىق شاھنىڭ ئاغزىدىن ئەنە شۇ تەكلىپنىلا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. مايمۇن ئۇلارنى مايمۇنلار ئۈستىگە باشلاپ بېرىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بوپتۇ.

ئېيىقلار يەتتە ياشاردىن يەتمىش ياشارغىچە قوزغىلىپ، قوراللىنىپ ھىلىقى مايمۇننىڭ يول باشلامچىلىقى بىلەن، مايمۇنلارنى يوقىتىشقا ئاتلىنىپتۇ.

مايمۇن مايمۇنلارنىڭ بىر چوڭ باياۋانغا توپلىنىپ ئېيىقلارغا قارشى جەڭگە تەييارلىق قىلىشقانلىقىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ ئېيىقلارنىڭ غەزىۋىنى ئاشۇرۇۋېتىپتۇ.

مىغىلداپ كەتكەن ئېيىق لەشكەرلىرى ھىلىقى مايمۇننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. مايمۇن ئۇلارنى زادى كۆرۈپ ھەم مېڭىپ باقمىغان يوللار بىلەن باشلاپ

بىر دەشت ـ باياۋانغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئېيىق شاھ ھەيران بولـ
غان ھالدا:
— ھەي مايمۇنجان، بۇ بىر غەلىتە باياۋانغۇ؟ تىرىكلىك
يوقتەك قىلىدۇ. ئادىشىپ قالغان بولمىغىن يەنە! — دەپتۇ.
— يوقسۇ، — دەپتۇ مايمۇن، — ھەرگىز ئادىشىپ قالمىـ
دىم. بۇ باياۋاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر بوستانلىق بار، مايـ
مۇنلار ئەنە شۇ يەرگە توپلاشقان، خاتىرجەم بولسىلا.
سەپەر داۋام قىپتۇ. يەنە بىر كۈن يول يۈرۈپ دەشتنىڭ
ئىچىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ دەشت چۆيۈندەك قىـ
زىپ كەتكەن ئاپپاق شورلۇق ئىكەن. ئوت ـ چۆپ، تىرىكلىكتىن
ئەسەرمۇ يوق. دەل ـ دەرەخ، سۇدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدىكەن.
كۈن چۈش بولاي دىگەندە دەشت قۇياش نۇرىدا قىزىپ يالقۇنـ
جاپ، ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇرغا ئايلىنىپتۇ. ئېيىقلار ئۇزۇن يول
ئازاۋى، ھارغان ـ ئاچقانلىغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەشتنىڭ ئىسسىق
لىغى سەۋەبىدىن نەپەس ئالالماي، تىللىرى بىر غېرىچ ساڭگىـ
لاپتۇ. ئاخىرى ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەي بىر بىرلەپ
يىقىلىشقا، جان تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئېيىق شاھى ئاخىرىدا،
ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىغىنى، بۇنىڭ بىر ھىلە ـ تۇزاق ئىكەنلىكىـ
نى ھىس قىپتۇ ـ دە، بىردىنلا دەھشەتلىك چىقىرىۋېتىپتۇ:
— سەن ئەبلەخ بىزنى ئالداپسەن!
— راست ئېيتىسەن! — دەپتۇ مايمۇن مەردانە ھالدا، —
سەن ئالدانغىڭ سەن ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلدىڭ، ئۇلارنى ئۆز
يۇرتىدىن مەھرۇم قىلدىڭ. بىلگىنكى، زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى
ھامان مۇشۇنداق بولىدۇ!
ئېيىق مايمۇننىڭ سۆزىدىن دەھشەتكە چۈشۈپ ئۇنى ئۆلـ
تۈرمەكچى بوپتۇ ـ يۇ، بىراق يەنە سەۋرى قىپتۇ. چۈنكى ئۇ قايتىش
يولىنى تاپالماس ئىكەن. شۇڭا بۇ دەشتتىن قايتىپ چىققاندىن،

كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

— مايمۇن، — دەپتۇ ئىبىق شاھ ھىلىگەرلىك بىلەن، — بولىدىغان ئىش بولدى. ھەقىقەتەن بىزدىنمۇ ئۆتتى. بىز ئەمدى تۆۋە قىلىمىز. بۇ يەردىن سالامەت چىققاندىن كېيىن، يۇرتۇڭلارنى قولۇڭلارغا بېرىپ، بىز قايتىپ تىنچ ئۆمۈر كەچۈرىمىز. بىز سېنىڭ بېشىڭغا كۆن چۈشكەندە پالاكەتتىن قۇتۇلدۇردۇق. تۇز بەردۇق، ھېچ بولمىسا شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىزنى بۇ سەھرادىن سالامەت ئېلىپ چىقىپ قويغىن، يول باشلىغىن.

— مۇمكىن ئەمەس! — دەپتۇ مايمۇن ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، — دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساختا. قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرمەكچىسەن ۋە ئۇرۇق - ئايماقلىرىمنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقچىسەن. سەن ئەمدى بۇ دەشتتىن قۇتۇلۇشنى خىيال قىلما. ھەممىڭ مۇشۇ يەردە ھالاك بولىسەن. مەن مۇشۇ چارە بىلەن سەنلەرنى ھالاك قىلىشنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىم ۋە شاھىم ئالدىدا ۋەدە قىلغانىمەن.

— ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن! — قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تەھدىت قىلىپتۇ ئىبىق.

— ئۇنىڭغا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانىمەن. مەن ئۆلسەممۇ سەنلەرمۇ ئۆلىسەن. خەلقىم، ۋەتىنىم سەنلەردىن قۇتۇلىدۇ. خەلقىم مېنى ھېچقاچاندا ئۇنتۇمايدۇ!

ئىبىق مايمۇننىڭ نەشتەردەك سۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇنى قىلىچ بىلەن پارچىلاپ تاشلاپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزىمۇ بارلىق ئىبىقلارمۇ دەشتنىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ تۈگەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مايمۇنلار ئىبىقلارنىڭ زۇلمىدىن تامام قۇ-

ئۆلۈپ يەنە ئەسلىدىكى ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ. ھېلىقى مايمۇننى ياد ئېتىپ زار - زار يىغلىشىپتۇ ۋە ھەر يىلى ئۇنى خاتىرىلەش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1983 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: سوزۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەلىكە گۈلرۇز

بۇرۇنقى زاماندا ئادىل شاھ ئىسىملىك بىر پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلرۇز دېگەن بىر ساھىپجامال قىزى بار ئىكەن. گۈلرۇز ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ. پادىشا: «قىزىم چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ لايىقىنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن خىيال بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئويلىمىغاندا، بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا يەتمىش پادىشانىڭ ئەلچىسى كەپتۇ. بۇ ھال پادىشانى غەم دەرياسىغا تاشلاپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز تەڭدىشى يوق ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ غەمگە پاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پارچە قەغەزگە مەكتۇپ يېزىپ دادىسىغا چىقارتىپتۇ. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن: «دادا، مەن ئۈچۈن ئۇنچىلا غەم قىلماڭ، مەن ئۆز لايىقىمنى ئۆزۈم تاللايمەن. بىر مەسلىھەتىم بار. شۇنى قوبۇل كۆرسىڭىز، پادىشالارنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىڭ ھەمدە دەرھال ئىش باشلاپ ئوردىمىزنىڭ ئالدىغا بىر باغ بىنا قىلدۇرۇڭ. ئۇ بېھىشتىن نىشان بېرىدىغان باغ بولسۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭگا - رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، تۈرلۈك قۇشلار سايرىشىپ تۇرسۇن. باغنىڭ ئالدىغا بىر بىنا ياسىتىڭ. بىنانىڭ ئۈستىگە ناغرىخانا سېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازلىق ناغرا تەييارلانسۇن، ناغرىنىڭ چوكىسى ئالتۇندىن بولسۇن. ماڭا ئاشىق بولغان يىگىت شۇ ناغرىنى چالسۇن - دە، پۈتۈن ئەل - جامائەت يىغىلسۇن، شۇ مەيداندا

مەن ئۇ يىگىتكە تۆت مىسرا بېيت ئېيتىمەن. ئۇ ھەر بىر مىسرا
بېيتىمنىڭ مەنىسىگە، قاپىيىسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاب
ئېيتالايدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمنى تويلۇقسىز قوبۇل
قىلىمەن. ئەگەر جاۋاب ئېيتالمىسا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن»،
پادىشا قىزىنىڭ مەكتۇبىنى كۆرۈپ، بىر ھازا ئويلىنىۋال-
غاندىن كېيىن يۇرتتىكى ئاتاقلىق باغۋەن، تامچى، ياغاچچى،
نەققاشچى... لارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىش باشلاپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن
ھەممە نەرسە قىزىنىڭ مەكتۇبىدىكىدەك ئورۇنلىنىپتۇ. ھەممە ئىش
تەلەپكە لايىق پۈتكەندىن كېيىن، پادىشا قىزىنىڭ مەسلىھەتى
بويىچە قەغەزگە شەرتلەرنى پۈتۈپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلات-
قۇزۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كەلگەن شائىر يىگىتلەرنىڭ بىرىمۇ
مەلىكە گۈلرۇزنىڭ بېيتىگە جاۋاب ئېيتالماپتۇ. تۆت يۈز سەك-
سەن ئالتە كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شەھەرگە يېقىن يەردە قابىز ئىسىملىك بىر
بوۋاي ياشايدىكەن. بوۋاي مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا
ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ.

بوۋاي ناغرىخانىغا چىقىپ ناغرىنى چاپتۇ. جىمىكى يۇرت
خەلقى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توپلىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى
چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قېرى بوۋاي تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر
كىرىپ بۇ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ. مەلىكە گۈلرۇز كېنىزەك-
لىرىگە: «قېرى كىشى بىلەن سۆزلىشىشتىن نومۇس قىلىمەن،
ئۇنىڭ غەرىزى پۇل ـ مالدا بولسا، قانچىكى تەلەپ قىلسا بېرىپ
يولغا سېلىڭلار،» دەپتۇ. كېنىزەكلەر چىقىپ:

ـــ ھەي بوۋا، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن. بىر كۈن
بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىغىنى كۆرگىنىڭ غەنىمەت ئەمەسمۇ؟ ئاشىق-
لىق دەۋاسىنى قويغىن! مەلىكىنىڭ تىغىدا ناھەق ئۆلمىگىن، ـــ
دەپتۇ. ئەمما بوۋاي زادىلا ئۇنىماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي بوۋا! — دەپتۇ كېنىزەكلەر، — ئەمسە مۇنداق بولسۇن، مەلىكىنىڭ ئوردىسىدا بىر رەسسام بار. بىز ساڭا مەلىكىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ بېرەيلى. شۇ رەسىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ يۈرمەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا مال - مۈلۈك بېرەيلى.

قابىز بوۋاي مال - مۈلۈك، دۇنيانىمۇ ئالماپتۇ. مەلىكىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىدىنمۇ كېچىپ، ساتارىنى بويىنىغا ئېسىپ، رەسىمنى قوينىغا سېلىپ، تەركى دۇنيا بولۇپ چىن شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ چىن شەھىرىگە تەۋە بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. ھېلىقى رەسىمنى ئۇدۇلىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ساتارىنى ئېلىپ، غەزەل ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنى چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانى ئوغلى بەرھەمنى ئېلىپ شىكارغا چىققان ئىكەن. ئۇلار كېتىۋېتىپ بوۋاينىڭ غەزىلىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پادىشا: «ھەي دەرىخا، بىز دىۋە - پەرى، جىن - شاياتۇنلارنىڭ ماكانىغا كىرىپ قالدۇقمۇ نىمە؟ ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدىغۇ؟» دەپ بۇلاق بويىغا كېلىپتۇ. ساتار چېلىپ، غەزەل ئېيتىپ ئولتۇرغان قابىز بوۋاينى كۆرۈپتۇ. پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەرھەم بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن بۇ ياققا كېلىپ قالغانلىغىنى سوراپتۇ. بوۋاي مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ئىشقى - پىراقىدا تەركى دۇنيا بولۇپ يۈرگەنلىگىنى بىرمۇ - بىر بايان قىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەسىمنى كۆرگەن بەرھەمگە ئىشىق ئوتى تۇتىشىپ، دادىسىغا «ئوردىغا قايتايلى» دەپتۇ ۋە دادىسىدىن مەلىكىنى ئىزلەپ تېپىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ. چىن خاقانى:

— ھەي ئوغلۇم، ساڭا يول جابدۇغى راسلاي، لەشكەرلەرنى تەييارلاپ قوشۇن تارتىپ بارامسەن ياكى سودىگەر سۈپىتىدە بارامسەن ئۆز ئىختىيارىڭ، — دەپتۇ. بەرھەم:

— ئىي ئاتا، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، قەلەندەر سوپىتىدە بارىمەن، — دەپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە خۇدايى تائالاغا تاپشۇرۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ. شاھزادە گۈلرۇزنىڭ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بەرھەم يەتتە ئاي يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، مەلىكە گۈلرۇزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. بەرھەم مەلىكە گۈلرۇز-نىڭ چاھار بېغىنى ئارىلاپ، ناغرىخانىغا چىقىپتۇ. تامغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر چەتتە «بۇ ئۆلگەن يىگىتلەر ئادەم ئۆلتۈر-گەن ئەمەس، ۋە ياكى ئوغرى، قاراقچىلىق قىلغانمۇ ئەمەس، مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ئىشقىدا جان پىدا قىلغان يىگىتلەرنىڭ بېشىدۇر» دىگەن خەت يېزىقلىق تۇرغان، بىر چەتتە تۆت يۈز سەكسەن ئالتە يىگىتنىڭ كېسىلگەن بېشى ئېسىقلىق تۇرغان، بۇنى كۆرگەن بەرھەم: «ئەجەبمۇ كەپتىمەن، كەلمىسەممۇ بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىپتۇ. يەنە ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللى بېرىپ: «يەتتە ئايلىق يولدىن يىگىتلىك دېبىنى چېلىپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە مەزلۇم كىشىلەردەك ئۇنى تاشلاپ، يانىمىغىم دۇرۇس بولماس. بەختىم ئوڭ كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دەپ خىيال قىلىپ، جۈرئەت بىلەن ناغرىنى چاپتۇ. جىمىكى يۇرت ئەھلى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توپلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە گۈلرۇز كېنىزەك-لىرىگە بۇيرۇپتۇ:

— چىقىپ قاراپ بېقىڭلار! قايسى جېنىدىن تويغان كەلدىكىن؟

كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، چىرايى شاھزادىگە، كىيىملىرى قەلەندەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر يىگىت تۇرغان. ئۇلار كۆرگەنلىرىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز پەرىشتىلەردەك ياسانغان بەش يۈز كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ مەيدانغا يېتىپ كېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىدا
www.uyghurkitap.com

— ھەي يىگىت! ئىسمى نەسەبىڭ نىمە؟ كىمنىڭ پەرزەنتى ۋە قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ مىنىڭ قولۇمدا نام - نىشانىسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن! — دەپتۇ.

— خاقانى چىن پادىشاسىنىڭ ئوغلىمەن، ئىسمىم بەرھەم. تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ، يەتتە ئايلىق يەردىن پىيادە كەلدىم، — دەپتۇ بەرھەم.

— مىنىڭ ئىشقىمدا كەلگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ مەلىكە، — سىزگە تۆت مىسرا بېيىت ئېيتىمەن. تۆت مىسرا بېيىتىمنىڭ مەنىسىگە، قاپىيىسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاپ بېرەلىسىڭىز، مىنىڭدىن كۈتكەن تەلۋىڭىزگە يېتىسىز. ئەگەر جاۋاپ ئېيتالمىسىڭىز، بېشىڭىز كېسىلىدۇ.

— قېنى، بېيىتلىرىڭىزنى ئېيتىڭ! — دەپتۇ بەرھەم.

بەرھەم مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ئۈچ مىسرا بېيىتىگە قايىل قىلارلىق جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە گۈلرۇز ھەيران بولۇپ: «ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەتلىك، دانىشمەن يىگىت ئىكەن. چىرايىنى كۆرۈپ باقايچۇ» دەپ، چۈمپەردىسىنى شۇنداق كۆتىرىپ قارىغان ئىكەن، بەرھەم مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ ھەمدە مەلىكىنىڭ تۆتىنچى مىسرا بېيىتىگە جاۋاپ ئېيتالماپتۇ.

— جاللات! — دەپتۇ مەلىكە، — بۇ يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئال!

جاللاتلار قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، ئەمرىڭىزگە پەرمان بەدەردۇرمىز، — دېيىشىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

مەلىكىنىڭ سۈت ئانىسى:

— ئى مەلىكەم، ھەر يەردىن كەلگەن قابىل يىگىتلەرنى

ئۆلتۈردىڭىز، ھېچ مۇڭگۈز چىقمىدى. بۇ ناھايىتى خۇش بېچىم، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ گۈناسىنى سىزگە بەرگەن ئاق سۈتۈمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— خەير بوپتۇ، — دەپتۇ مەلىكىمۇ بوشاشقان ھالدا، — سۈت ھەققىنى ئارىغا سالمىغان بولسىڭىز، بۇ يىگىتنىڭ گۇناسىدىن ئۆتمەيتتىم.

بەرھەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا مىڭبىر شۈكرى ... سانالار ئېيتىپ، شەھەردىن چىقىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. غۇسلى تەھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت نامىزىنى ئوقۇپ، بىر قارا ئاغاچتا تېپىپ، بىر ئۇچىنى دەرەخقە چېگىپ، بىر ئۇچىنى بويىنىغا باغلاپ، قىرىق كېچە ... كۈندۈز تۆۋە ئىستىغبار ئوقۇپ، خۇدايى تائالادىن ئۆز ئارزۇسىنى تىلەيتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نۇرانە چىراي بوۋاي پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، سېنىڭ دۇئايىڭ ئىجاۋەت بولدى، مەن سېنى مەشۇغىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ. بەرھەم بېشىنى كۆتىرىپ، ھەيران بولۇپ قارىسا، ئالدىدا خىزىر تۇرغان ئىكەن. خىزىر بەرھەمنىڭ بويىنىدىكى ئاغامچىنى يېشىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، مەلىكە گۈلرۇزنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. يىگىتنى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ناغرىنى شۇنداق چاپتۇكى، پۈتۈن شەھەر خەلقى «بۇگۈن ئاجايىپ بىر باھادىر پالۋان كەلگەن ئوخشايدۇ. ھېچقاچان ناغرا بۇگۈنكىدەك ئاۋازلىق چېلىنغان ئەمەس. بۇ پالۋانمۇ شۇ رەھىمسىز زالىم قىزنىڭ قولىدا بىمەجەل ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى» دېيىشىپ، ناغرىخانا ئالدىغا جەم بولۇشۇپتۇ.

بۇ چاغدا مەلىكە كېنىزەكلىرىگە:

— چىقىپ بېقىڭلار، قايسى جىنىدىن تويغان كەلدىكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناغرىنى ئەجەپمۇ ئاۋازلىق چالدىڭۇ؟ — دەپتۇ. كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى قېرى، ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى تۇرغۇدەك. (خىزىر قېرىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كەلگەن ئىكەن.) كېنىزەكلەر:

— ھەي بوۋا، بۇ كېسىلگەن باشلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاشىقلىق دەۋاسىنى قويغىن. بۇ ساڭا مۇناسىپ ئەمەس. مەلىكىنىڭ تىغىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىگىن. ھەر يەر ھەر يەردىن كەلگەن شائىرلار، قاۋۇل يىگىتلەر مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمەي جېنىدىن ئايرىلدى، — دېيىشىپتۇ.

— كېنىزەكلەر! مەلىكەڭلەرگە ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگىچە قايتمايمەن! — دەپتۇ خىزىر.

ئەھۋالنى ئۇققان گۈلرۇز تونزدەك ياسانغان بەش يۈز كېنىزەكنى ئەگەشتۇرۇپ مەغرۇر ھالدا مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ.

— ھەي قېرى، قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ ئىسمىڭ، نەسەبىڭ كىم؟ نىمە سەۋەپتىن كەلدىڭ؟ بىھۇدە، نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن، — دەپتۇ ئەرۋايى ئۇچقان مەلىكە غەزەپلىنىپ.

— پەردەششاۋ قەبىلىسىدىن بولىمەن. ھازىرغىچە يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك ھېچبىر مەھبۇب تاپالمىدىم. تەرىپ - سۈپىتىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم، — دەپتۇ خىزىر.

— ئۇنداق بولسا، ساڭا شەرتىم شۇكى، ئارىلاشقان پارس، تۈرك بېيىتلىرىنى ئېيتىمەن. ئۇ بېيىتلەرگە مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاپ بېرەلىسەڭ قېرى دىمەستىن ئۆزەمگە تويلۇقسىز قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر جاۋاپ ئېيتالمىساڭ بېشىڭنى كېسىمەن، — دەپتۇ مەلىكە گۈلرۇز:

— قېنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ خىزىر. مەلىكە تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتىپتۇ.

ئاھۇ مىنەل ئىشقى ۋاھالار تىغى،
ئەروبو قەلبى بەھەرەر تىغى.

مانا زەرە ئەينى ئىلا غەيرىگە،
ئوخشىسمۇ بىللاھى - بىمايا تىغى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

تىم - تىم - تىم، دەلا - دەلا،
جىم - جىم - جىم، ئەجەلا - بالا.
ئوھ - تورۇ - تورۇ - تورۇ،
پانكى سىنخۇ - سىخۇ - سىخۇ.
ئەملى بىسقو - بىسقو - بىسقو.
قوم - قوم پانكى - سىخو.

ئەرەپ، پارسچىدا بۇ بېيىتلەر قاپىيىسى - قاپىيىسىگە مەنىسى - مەنىسىگە توغرا كەپتۇ. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان مەلىكە گۈلرۇز:

— ھەي قىرى، قىرى كىشى ياش بولماس، گۆش - سەۋزىسىز مانتا - پولۇ ئاش بولماس، قىرى كىشى تارتىپ يانى ئوق ئاتالماس، ئاتقان ئوقى نىشانىگە قادالماس، يېنىدا ياتساڭ تاڭ ئاتقۇچە، سۆزىگە بىر سۆز قوشالماس، — دەپتۇ.

— ھەي قىز! ساڭا ھەزەر قىلماق لازىم ئىدى! — دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

مەلىكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چېچىلىپ:

— ھەي بىئەدەپ! ھېچنىمىنى چۈشەنمەيسەن. چۆل - باياۋاندا يۈرگەچ قائىدە - يوسۇننى، مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەچ ھېچنىمىنى بىلمەيسەن. ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيسەن! — دەپتۇ.

— ھەي قىز! — دەپتۇ خىزىر، — مولاللامەنۇ مولاللامەن، كالامۇ رەببەنانى بىلىمەن. كۆڭلۈمنى كۆچۈرمە. بوۋاڭ تۇركتور.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

تەپسارى ھىسقايىققا، شەرھى موللانى بىلىمەن. زىنتان، يەھستان، مۇئەممانى... دىگەن كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن.

مەلىكە گۈلرۇز ئويلىنىپ: «بۇ كىشى خىزىر بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دىگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە:

— ھايا، ئۆزلىرى خىزىرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، خىزىر بولىمەن، — دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

مەلىكە گۈلرۇز:

— مەن ئۆزلىرىنى بىلمەي بىئەدەپلىك قىلىپ سايپتىمەن. گۇنايىمدىن ئۆتۈپ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپتۇ.

— ھىچقىسى يوق، ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. ئۆزىڭىزگە مۇنۇ بەرھەمنى قوبۇل قىلىڭ — دەپتۇ خىزىر ۋە بولۇۋىدا ئولتۇرغان بەرھەمنى كۆرسىتىپتۇ. مەلىكە «بولىدۇ» دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بولغىچە خىزىر كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز بەرھەمنى ئۆزىگە تويلۇقسىز قوبۇل قىپتۇ. ئادىل شاھمۇ ۋەدىسى بويىچە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقىرىپ قىرىق كىچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ، ئىككىيلەننى نىكالاپ قويۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زۆرىخان

## تەدبىرلىك پاقا

ئاسماندا ئەگىپ ئۇچۇپ، يەم ئىزلەپ يۈرگەن سا ھىچنەرسە قاپالماي، ئاخىرى سازلىقتا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يەر بېغىرلاپ چۈشۈپ، پاقىنى چاڭگاللىغىنىچە ئاسمانغا كۆتىرىلىپتۇ - دە، تاغدىكى ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

پاقا سانىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمدى دۇنيادىن خوشلىشىدىغانلىغى، ئەل - ئاغىنە، مەھەللە - يۇرتىنى كۆرەلمەيدىغانلىغىنى چۈشىنىپ مىزگىلدەپتۇ ۋە ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشى كۈچىيىپتۇ.

«قانداق ئامال بار؟ — دەپ سانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ پاقا، — ھەر ھالدا قۇتۇلۇش — ھايات كەچۈرۈش كېرەك»

بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا بىر چارە كەپتۇ. ئۇ ساغا يېلىنىپ:

— سا ئاكا. ساڭا كۆپ رەھمەت. مېنىڭ ئۆمرۈم سېسىپ، يۈزىنى لەش قاپلاپ كەتكەن تار - كىچىك كۆلدە ھىچنىمىنى كۆرەلمەي ئۆتكەن ئىدى. سىزنىڭ بانىڭىز بىلەن ئاسماننى كۆردۈم. ئۇچۇپمۇ باقتىم. ئېگىزدە تۇرۇپ يەردىكى بارلىق گۈزەللىكنى كۆرۈۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزدەك بىر ئالىجاناپقا يەم بولۇشقا يارىغانلىغىم ئۈچۈن تولىمۇ بەختلىكمەن، — دەپتۇ.

سا بۇ ماختاشلاردىن كېرىلىپ، كۆڭلى يۇمشاپ قاپتۇ.

— لېكىن، — دەپتۇ پاقا، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىدىن تولىمۇ خىجىلمەن. مەن ئۆزەممۇ سىپسىق، مەن ياشىغان كۆلمۇ سىپسىق. جانابىڭىز مېنى مۇشۇ پېتىم يېسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئالدىڭىزدا خىجالەت بولۇۋاتىمەن.

— بۇنىڭ چارىسىنى قىلالمامسەن؟ دەپ سوراپتۇ سا پاقىدىن.

— تاپىمەن، — دەپتۇ پاقا، — مېنى ئاشۇ كۆرۈنگەن دەريانىڭ بويىغا چۈشۈرۈپ قويسىڭىز، دەريا سۈيىدە تازا ياخشى يۇيۇنسام، بارلىق سېسىقچىلىقلىرىم تۈگەيدۇ. ئاندىن مېنى يېسىڭىز، مەززە قىلىسىز.

پاقىنىڭ ماختاش - تەكەللۇپلىرى ۋە شىرىن سۆزلىرىگە مەس بولغان سا ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپتۇ، پاقىنى دەريانىڭ لېۋىگە چۈشۈرۈپتۇ، ئۆزى ئۇنىڭ يۇيۇنۇپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

پاقا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دەرياغا كىرىپ كېتىپتۇ.

سا پاقىنى كۈتۈپتۇ، پاقا چىقماپتۇ. ئۇ ئاخىر پاقىنى چاقىرىپتۇ.

— پاقا سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، ساڭا زادىلىق قىلىپ:

— خەير - خوش هاماقەت، ئەخمەق سا، شۇ ئولتۇرغانچە ئولتۇرۇۋەرگىن! — دەپتۇ - دە، پۈتۈن ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ، قۇۋزىنى كۆپتۈرۈپ كورۇلداپ كېتىپتۇ.

(«قوشۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 1982 يىل 3 - 4 - قوشما سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ئىسمائىل ئىبراھىم

# بۆرە بىلەن تۈلكە

ئۆتكەن زاماندا بۆرە بىلەن تۈلكە دوست بوپتۇ. لېكىن كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۆرە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، تۈلكىنى بىر خىزمەتكار ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغىلى باشلاپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە بۆرىگە:

— بۇ خويۇڭنى تاشلا! يوغانچىلىق قىلما! ئەگەر سەن شۇ خويۇڭنى تاشلىمىساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. بۆرە بۇ سۆزدىن دەرغەزەپ بولۇپ، بىر مۇشت سالغانىكەن، تۈلكە تىك موللاق چۈشۈپ، ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھۇشىغا كەلگەندە، بۆرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ:

— جانابى بۆرە تۆرەم، مەن مۇندىن كېيىن ساڭا مۇنداق چاخچاق قىلمايمەن. ھۆكۈمالار «سورىمىغان سوئالغا جاۋاپ بەرمە» دىگەن، مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدىم. گۇنا ئۆزەمدە، مەن كۆڭۈللىرىنى چېگىش قويدۇم. ناھايىتى پۇشايماندىمەن. تۆۋە قىلدىم، — دەپتۇ. بۆرە كۈلۈپ، ئاچچىغىدىن يېنىپ، تۈلكىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىپتۇ.

تۈلكە كۆڭلىدە بۆرىگە ئاداۋەت ساقلاپ، ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. تۈلكە قانداق ئۆچ ئېلىش خىيالى

بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باغنىڭ تېمىدىكى بىر تۆشۈك-نى كۆرۈپتۇ. ئۇ، «ئادەملەر بۇ تۆشۈكنى بىھۇدە قويمىغان بولسا كېرەك، بۇ يەردە بىر ھىيلە بولسا ئېھتىمال» دەپ ئويلاپتۇ. ئاستا تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قارىسا، ئىزياقتا بىر ئورىنىڭ بارلىقى مەلۇم بوپتۇ. «مانا بۇ يەرگە بۆرىنى ئالداپ كېلىپ ئۇچرۇتۇرۇش مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ تۈلكە ۋە كۆڭلى خوشاللىققا تولۇپتۇ.

تۈلكە دەرھال بۆرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

— جېنىم ئاغىنە، مەن بىر باغقا كىرىدىغان ئەپلىك يول تاپتىم. باغدا مېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ. بىرگە بېرىپ باغ سەيلىسى قىلىش پەيتى كەلدى، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بۆرىنىڭ ئېغىزىدىن سېرىق سۇ ئېقىپتۇ-دە، تۈلكىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئەگىشىپتۇ. تۈلكە ئۇنى باشلاپ ھېلىقى تۆشۈككە ئېلىپ كەپتۇ. بۆرە تۆشۈككە قەدەم قويۇپتۇ-دە، ئورىغا چۈشۈپتۇ. تۈلكە قاتتىق بىر ۋاقىراپ قېچىپ كېتىپتۇ. دېھقانلار تۈلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تەرەپ-تەرەپتىن تاياق-كالتەك كۆتىرىپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بۆرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خەلچەم تۇردى.

## شەپقەتلىك پادىشا

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. پادىشا تولىمۇ خەلقپەرۋەر، ئادىل بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا «شەپقەتلىك پادىشا» دەپ نام بەرگەن ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەپقەتلىك پادىشا تەختتە ئولتۇرۇپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقىنىدا، ئوردا ئالدىغا ئۈچ قەلەندەر كەپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، خەزىنىچىگە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر خالتىدىن تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن قەلەندەرلەر تىللانى ئالماپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا يەنە كىيىم - كېچەك، ئېسىل تائاملارنى چىقارتىپتۇ، لېكىن ئۇلار ھېچقايسىسىغا نەزەر سالماپتۇ. پادىشا نېمە كېرەكلىكىنى سوراپتۇ. قەلەندەرلەر:

— بىزگە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس. پادىشالىقىڭىزنى ئۈچ كۈن بېرىپ تۇرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ.

پادىشا مەرتلىك بىلەن «بوپتۇ، خۇدانىڭ يولىدا پادىشالىقىمنى سىلەرگە ئۈچ كۈنلۈك بەردىم.» دەپ تەختتىن چۈشۈپ، ئۇلارنى تەختكە چىقىرىپتۇ. قەلەندەرلەر تەختكە چىقىپلا نىيەتلىرىنى بۇزۇپتۇ. شۇ كېچىسى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، شەپقەتلىك پادىشانى تۇتۇپ دارغا ئاسماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ گەپلەرنى پادىشاغا سادىق بىر ئەمەلدار ئاڭلاپ قېلىپ، پادىشانى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ساددىلىق قىلغانلىقىنى-

مى، ئەمدى قىلغان ھەركەتنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «خۇدا!» دەپتۇ ـ دە، قىرىق خېچىرغا مال يۈكلەپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ، شۇ كېچىدىلا ئۆزىنى ياقىغا ئاپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ قاپتىلىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە توختاپ نان ـ پان يەپ، ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا، يىراقتا چاڭ ـ توزاڭ كۆتىرىلىپتۇ. توزاڭ ـ چاڭ ئارىسىدىن قورال ـ ياراق ئاسقان، تەلەتىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا: «ئۇلار ھىلىقى مەلئۇن قەلەندەرلەر مېنى تۇتۇشقا ئەۋەتكەن سىپاھلار بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى بىر غارغا يوشۇرۇپتۇ. ئەسلىدە، كەلگەن ئاتلىقلار قاراقچىلار ئىكەن. قاراقچىلار يېتىپ كېلىپ قارىسا يۈك ئارتىلغان قىرىقتەك خېچىر تۇرغۇدەك. لېكىن ئىگىسى يوقمىش. قاراقچىلار خېچىرلارنىڭ ئىگىسىنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى قىرىق خېچىرنى ماللىرى بىلەن ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا غاردىن چىقىپ ئۆزىنىڭ كاج كېلىۋاتقان تەلىيىدىن يىغلاپتۇ. خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ئاچ ۋە پىيادە ھالدا سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا باشقا بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، توساتتىن بىر ئاتلىق ئەر كىشى پەيدا بولۇپتۇ ۋە پادىشاغا يېقىنلىغان ھالدا:

— ئايالىم ھامىلدار ئىدى. يول ئۈستىدە تولغىقى تۇتۇپ قالدى. نېمە قىلارىمنى بىلمەي، ئادەم ئىزلەپ چىققان ئىدىم. سىلەرگە يولۇقتۇم. بېشىم قاتتى. سىلەر ياردەم بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ پادىشا، — مەن ئايالىمنى سىزگە يالغۇز قوشالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا بىر ئوغلىڭىزنى قوشۇڭ، خۇدا ھەققى ياردەم بېرىڭ! — دەپ يىغلامسىراپ يالۋۇرۇپتۇ ھېلىقى ئادەم.

شەپقەتلىك پادىشا «ھەممە ئادەم ئوخشاش بولماس» دەپتۇ-دە، خوتۇنىنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇلارنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئۇن يەتكۈدەك يەرگە بارغاندىن كېيىن بىراقلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ھەي نادان ئادەم، مەن قاراقچىمەن، مېنىڭ بۇ چۆلدە نەدىمۇ خوتۇنۇم بولسۇن. سېنى راسا باپلىدىم، — دەپ ۋاقىراپتۇ-دە، ئوغلىنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، شاھنىڭ ئايالىنى ئېلىپ بەدەر كېتىپتۇ. شەپقەتلىك پادىشانىڭ ئوغلى يىغلا-يىغلا دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. پادىشا ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، ئاتا-بالا ئىككىسى سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا چوڭ بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريانىڭ سۈيى چوڭقۇر ھەم ئىتتىك ئىكەن. قانداق قىلىپ ئۇقاتقا ئۆتۈشنى ئويلىشىۋاتقاندا، بىر ئاتلىق ئادەم پەيدا بوپتۇ ۋە شەپقەتلىك پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن كېچىكچىمەن. دەريادىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. سىلەرنى ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ.

ئاقكۆڭۈل پادىشا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ماقۇل بوپتۇ. كېچىكچى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ قويىمەن دەپ، ئالدى بىلەن پادىشانىڭ چوڭ ئوغلىنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپتۇ، ۋە پادىشاغا قاراپ:

— ھەي ئادەم مەن قاراقچىمەن، ئادەملەرنى ئېلىپ قېچىپ قۇل قىلىپ ساتىمەن. بالاڭدىن ئۈمىد قىلما! خەير-خوش، — دەپتۇ-دە، ئاتنى قامچىلاپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

شەپقەتلىك پادىشا كىچىك ئوغلىنى باغرىغا تېڭىپ بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ قىسمەتلىرىدىن زارلىنىپ ھۆكىرەپ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئامال بولماپتۇ. ئاخىرى كىچىك ئوغلىنى ھاپاش قىلىپ دەرياغا تەۋەككۈل قىلىپ كىرىپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سۇ بىر ئۇرغان ئىكەن. ئاتا - بالا سۇغا چۆمۈپ، بالا شەپقەتلىك پادىشانىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. پادىشا مىڭ بىر بالادا قىرغاققا چىقىپتۇ. ئۇ پەلەكنىڭ يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپتۇ، ئەمما، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋاپتۇ - دە، تەۋەككۈل دەپ ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

شەپقەتلىك پادىشا ئون يىل شەھەرمۇ - شەھەر سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى چوڭ بىر شەھەرگە يېقىن بۇلاق بويىغا يېتىپ كەپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا بۇلاق بويىدا ئارام ئالماقچى بولۇپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بالىلىرى ياكى يېقىن ئەۋلادى بولمىغاچقا: «مەن ئۆلسەم، مېنىڭ قۇشۇمنى قويۇپ بېرىڭلار، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇنى پادىشا قىلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن، ئوردا ئەھلى مۇشۇ پەيتتە ھېلىقى قۇشنى ئاسمانغا قويۇپ بەرگەن ئىكەن.

خالايىق ھەممىسى پادىشا بولۇش ئارزۇسى بىلەن قولىرىغا گۆش ئېلىپ «كەھ - كەھ» لەپتۇ لېكىن قۇش ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونماپتۇ. ئاخىر ئۇچۇپ كېلىپ، بۇلاق بېشىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان شەپقەتلىك پادىشانىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قائىدە بويىچە جىمى ئوردا ئەھلى ۋە جامائەت توپلىشىپ كېلىپ شەپقەتلىك پادىشاغا تازىم قىلىشىپ، ئۇنىڭ پادىشا بولغانلىقىنى تەبرىكلىشىپتۇ ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. دەسلەپتە بۇ ئىشقا ھەيران قالغان پادىشا، ئىشنىڭ تېگىنى بىلگەن

دىن كېيىن جامائەتكە ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ ۋە پادىشا بولالمايمەن، دەپ ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ. جامائەت شەپقەتلىك پادىشانىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئېچىنىپتۇ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ پادىشا بولۇپ بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشىپتۇ. شەپقەتلىك پادىشا جامائەتنىڭ كېپنى يىرالماي ئاخىرى ماقۇل بوپتۇ ۋە شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ يۇرتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپتۇ.

لېكىن شەپقەتلىك پادىشا كۈندۈزلىرى شاھلىقنى قىلىپ خۇشال - خورام ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، كېچىلىرى خوتۇن - باللىرىنىڭ دەرت پىراقىدا ئۇھ تارتىپ، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزىدىكەن، ئاخىرى بۇ ئەھۋال ئوردا ئەھلىگە مەلۇم بولۇپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ قايغۇسىنى بېسىش ئۈچۈن ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. لېكىن پادىشا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىلىگە ھەمرا بولۇش ئۈچۈن، كىچىك خىزمەتچى بالىدىن بىرنى ئەپكېلىپ بېرەيلى، — دەپتۇ ئوردا ئەھلى، پادىشا ماقۇل بولۇپتۇ. ئەمەلدارلار بازارغا قۇل سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشانىڭ چوڭ ئوغلىدىن ئاڭلايلى.

قاراقچى بالىنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ قېچىپتۇ - دە، ئۆزى تۇرىدىغان بىر تاغنىڭ غارىغا ئەكىلىپ سولاپ بىرەر ئايغىچە بېقىپتۇ. ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. شاھزادە سودىگەرنىڭ قولىدا ئون يىلچە تۇرغاندىن كېيىن، سودىگەر ئۇنى شەپقەتلىك پادىشا شاھلىق قىلىۋاتقان شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ بازاردا ساتماقچى بوپتۇ. دەل شۇ كۈنى شەپقەتلىك پادىشانىڭ ئەمەلدارلىرى بازارغا قۇل ئالغىلى چىققان ئىكەن. ئەمەلدارلار بازارنى ئارىلاپ ئاخىرى ھېلىقى بالىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

يالىنىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىرايى ئۇلارغا يېقىپتۇ ۋە سودىگەر بىلەن كېلىشىپ سېتىۋاپتۇ ـ دە، پادىشاغا مەخسۇس خىزمەتچى قىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن پادىشامۇ ۋە ئوغۇلمۇ بىر بىرىنى زادى تونىماپتۇ. ھەر ئىككىلەن كۈندۈزى ئۆز ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ، كېچىلىرى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن جۇدالىق ھەسرىتىدە ئاھ چېكىپ، ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزىدىكەن.

پادىشا ئۆز سىرىنى پىنھان تۇتىدىكەن، لېكىن، كېچىلىرى ھىلىقى غۇلامنىڭ چەككەن ئاھلىرىنى ئاڭلىغاچقا ئەمەلدارلىرىغا:

— بۇ غۇلام بالا خىزمەتنى ئوبدان قىلدى، لېكىن زېرىكىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن يەنە بىر غۇلام ئالساڭلار، — دەپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى ماقۇل بولۇپ، بازارغا چىقىپتۇ ۋە بىر غۇلام سېتىۋاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ غۇلام شەپقەتلىك پادىشانىڭ كەنجى ئوغلى ئىكەن. ئۇ دەريادا پادىشانىڭ قولىدىن ئاجراپ سۇنىڭ ئېقىمى بىلەن ئاياقتا ئېقىپ بارغاندا بىر بېلىقچى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىكەن. بېلىقچى ئۇنى بىرقانچە يىل بېقىپتۇ. ئاخىرى ياشىنىپ قېلىپ بېلىق تۇتالماي تىرىكچىلىك قىلىش قىيىن بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈنى بالىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. پادىشا بۇ بالىسىنىمۇ تونىماپتۇ. بۇ بالىمۇ دادىسىنى ۋە ئاكىسىنى تونىماپتۇ. ھەر ئۈچەيلەن ئوخشاشلا كۈندۈزى ئۆز ئىشلىرىنى قىلىپ كېچىسى ئۆز غېمى بىلەن ئاھ چېكىپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزىدىكەن.

ئەمدى گەپنى شەپقەتلىك پادىشانىڭ ئايالىدىن ئاڭلايلى. قاراقچى ئايالنى شۇ ئېلىپ قاچقىنىچە باشقا بىر شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ ـ دە، ئۆيىدە ساقلاپتۇ ئۇنىڭ غەرىزى مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىش ئىكەن.

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، — دەپتۇ قاراقچى بىر كۈنى مەلىكىگە، — مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇڭا ساڭا

ئۆيلىنىشنى خالايمەن!

مەلىكە قاراقچىنىڭ قارا نىيىتىنى چۈشىنىپ ناھايىتى غەزىۋى كەپتۇ. لېكىن ئىلاجىسىز بولغاچقا سەۋرى قىلىپ ئۆزىنى باسقان ھالدا، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— بولىدۇ، لېكىن بىرئاز سەۋرى قىلىڭ. مەن تېخى ئۆز ئېرىم ۋە بالىلىرىمنىڭ پىراقىدىن ئادا - جۇدا بولغىنىم يوق. سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، سەۋرى قىلىڭ، — دەپتۇ.

قاراقچى ماقۇل بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى قاراقچى سىرتقا ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئاستاغىنە ئۆگزىگە چىقىپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپتۇ تام ئارقىسىدىكى يولدا بىر سۇچى بوۋاينىڭ ئەپكەش سوغىلىرىنى كۆتىرىپ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋايمۇ سالام بېرىپتۇ، مەلىكە بوۋايغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، مەن چامامنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلاي، شەھىرىمىزنىڭ ھاكىمى تولىمۇ ئادىل كىشى. سەرگۈزەشتىلىرىڭنى يېزىپ ماڭا بەرسەڭ، مەن ھاكىمغا يەتكۈزەي، شۇ يول بىلەنلا بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ، پادىشا ئائىلىرى بىلەن، پەرزەنتلىرىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ قالساڭ ئەجەپ ئەمەس، — دەپتۇ بوۋاي.

مەلىكە بۇ ئاقكۆڭۈل بوۋاينىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەتلەر ئوقۇپتۇ. ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى قەغەزگە يېزىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ خېتىنى ئېلىپ، شەھەر ھاكىمىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. (ئەسلىدە بۇ ھاكىملىق شەپقەتلىك پادىشا پادىشا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەلگە قارايدىكەن) ھاكىم خەتنى

ئوقۇغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، دەرھال لەشكەر ئەۋەتىپ قاراقچىنى تۇتۇپ كەلتۈرۈپتۇ. مەلىكىمۇ ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، ھاكىم قاراقچىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ.

ھاكىم مەلىكىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ ۋە ئوبدان كىيىندۈرۈپ، ناھايىتى كۆركەم، تۆت ئات قوشۇلغان گۈللۈك مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، لەشكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن شەپقەتلىك پادىشانىڭ ھوزۇرىغا ماڭدۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شەپقەتلىك پادىشادىن ئاڭلايلى.

پادىشا ۋە ئىككى ئوغۇل ئۆمۈرلىرىنى غەم - غۇسسە بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوردا ئالدىغا ياساۋۇللارنىڭ ھەمرالىقىدا ھىلىقى مەلىكىنىڭ مەپىسى كېلىپ توختاپتۇ. مەلىكىگە ھەمرا بولۇپ بىللە كەلگەن ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئوردىغا كىرىپ، پۈتۈن ئەھۋال يېزىلغان مەكتۇپنى شەپقەتلىك پادىشاغا سۇنۇپتۇ. پادىشا خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ «ئاھ!» دەپتۇ - دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوردا ئەھلى پادىشانى يۆلەپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشا ھوشىغا كەپتۇ. ئاڭغىچە مەلىكىمۇ ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئازاپ - ئوقۇبەتلىك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى دىدارلىشىشقا مۇيەسسەر بولغان بۇ ئەر - خوتۇن يىغلىشىپتۇ. ئاندىن ئاخىرقى تەقدىرىدىن خوشال بولۇپ، خۇداغا شۈكرىلەر كەلتۈرۈپتۇ. كەچتە ئۇلار ئوغۇللىرىنىڭ كېپىنى قىلىپ ئولتۇرغاندا، غۇلاملارچە ياسانغان ئاكا - ئۇكا قوللىرىدا چاي تىزىلغان پەتنۇسلارنى كۆتىرىشىپ پادىشا بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ.

شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىلىق يۈرىكى جىغىلداپتۇ - دە، ئۆز باللىرىنى تونۇپتۇ.

— ئاھ پەرزەنتلىرىم! — دەپتۇ مەلىكە ۋە باللىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ئەچچە

ئايدىن بۇيان يېتىمدا يۈرگەن بالىلىرىنى تونۇيالمىغانلىقىغا ئۆكۈنگەن ھالدا بالىلىرىنى قۇچاقلاپتۇ، كۆزىگە ياش كەپتۇ.

پادىشا بۇ خوشاللىق كۈنىنى خاتىرىلەپ، پۈتۈن ئەلنى يىغىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي - مەرىكە قىلىپ بېرىپتۇ.

شاھ شۇندىن كېيىن خەلققە تېخىمۇ مېھرى - شەپقەت قىلىپ، يۇرتىنى تېخىمۇ ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ شاھلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زۆرىخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## لوقماننىڭ ۋەسىيىتى

بۇرۇنقى زاماندىكى ئۇلۇغ زات — داڭلىق تەۋىپ لوقمان ھېكىم دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىيا، ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. لوقمان ھېكىم سىرتقا چىقسا، گۈل - گىيالار: «مەن پالانى كېسەلگە داۋا» دېيىشىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىدىكەن. ھەرقانداق جايدا ساقايمىغان كېسەللەر لوقمان ھېكىمنىڭ قولىدا ساقىيىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن بۇ ئاغرىشىمدا ساقىيىپ كەتسەم ياخشى. مۇبادا ساقىيالماي قالسام، ساڭا مۇنۇ ئۈچ ۋەسىيەتنى قالدۇرىمەن. ئەمەل قىلساڭ زىيان كۆرمەيسەن. بىرىنچىسى، سىرىڭنى ئايالىڭغا ئېيتما، ئىككىنچى، چوغال بىلەن ئاغىنە بولما، ئۈچىنچىسى، ناكەسدىن قەرز ئالما، — دەپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي لوقمان ھېكىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئوغۇل ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە دادىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كاللىسىغا «دادامنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىر سىناپ كۆرمەيمۇ؟» دېگەن خىيال كەپتۇ. ئۇ، يوشۇرۇن ھالدا بىر ئۆشكىنى ئۆلتۈرۈپ تاغارغا سولاپتۇ. قولى قان يۇقى ھالدا ئايالىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ - دە، ئايالىغا:

— مەن بۈگۈن بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىدىم.

غەزنۋىنى باسالماي بوغۇزلىۋەتتىم. بۇ تاغاردىكى شۇنىڭ ئۆلۈكى بۇنى دەرھال بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى. كەل، ياردەملەشكىن، — دەپتۇ. خوتۇنى ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئۆشكىنى تاغىرى بىلەنلا ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلاپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ ۋە يامۇلنىڭ بىر دوغىسى بىلەن دوستلىشىپتۇ. ئۇلار بىرىنى - بىرى بىردەم كۆرمىسە چىدالمايدىغان ھالغا يېتىپتۇ. ئوغۇل ئۈچىنچى ۋەسىيەتنىمۇ سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە ئۆزىدە پۇل يېتىپ ئاشقۇدەك بولسىمۇ بىر تونۇش، ناكۇسا ئادەمدىن مىڭ تىللا قەرز ئاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئايالى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. خوتۇن: — سەن دىگەن قاتىل! ئۆتكەندە بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئېغىلغا كۆمۈۋەتتىڭ. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن! — دەپ جار سېپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئەتراپتىكى خولۇم - خوشنىلار ئاڭلاپتۇ. ئاخىرى بۇ گەپ سىرتقا تارقىلىپ ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئامبال دەرھال دوغىلىرىنى بۇ ئوغۇلنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە دوغىلاردىن:

— قايسىڭ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىسەن؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى بىلەن دوست بولغان ھېلىقى دوغا ئالدى بىلەن:

— مەن بىلىمەن! — دەپتۇ - دە، يايىلارنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ - دە، يىگىتنى چەمبەرچەس باغلاپ، ئامبالنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. يىگىت يامۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھېلىقى مىڭ تىللا قەرز بەرگەن ئادەم كۆرۈپتۇ - دە، كۆزنى يۇمۇپلا «سېنىڭدە ئىككى مىڭ تىللا پۇلۇم بار، بەرگىن» دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. ئامبالمۇ گەپ سورىمايلا يىگىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ھىلىقى دوغىا ئۇنى ھەر ـ بىر ئۇرغانىدا: «مەن گۇناكار، دىگىن» دەپ مەجبۇرلايدىكەن. لىكىن بۇ يىگىت «ئامبال گۇناكار!» دەۋېرىپتۇ. ئاخىرى ئامبال دەرغەزەپ بولۇپ: — ھەي، سەن بىر قاتىل تۇرۇپ يەنە مەن گۇناكارمۇ؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا يىگىت:

— جانابى ئامبال، سىز باشقىلارنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا، ئىشنى ئىنچىكە تەكشۈرمەي ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز. ئىشنىڭ تېگى مۇنداق ئىدى، — دەپتۇ ۋە دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدىن تارتىپ تاكى ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتلەرنى سىناق قىلغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا:

— دادامنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ قىممىتىگە ئەمدى يەتتىم. دادام راست ئېيتقان ئىكەن. دىمەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ نەسىھەتى ھىچقاچاندا زىيانلىق بولمايدىكەن، — دەپ گىپىنى تاماملاپتۇ.

ئامبال ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. يىگىتكە يايىلارنى قوشۇپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ. يايىلار ھىلىقى تاغار كۆمگەن يەرنى ئاچقان ئىكەن، راستىنلا بىر ئۆشكىنىڭ سۆڭەكلىرى، مۈڭگۈزلىرى ۋە چىرىپ كەتكەن تاغار پارچىلىرى چىقىپتۇ. ئامبال يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، تۆھمەتخور خوتۇننى، دوغىنى ۋە ھىلىقى پۇل قەرز بەرگەن نامەرتنى زىندانغا سېلىپ، يىگىتكە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت سەيدۇللا.

## ئاقىۋەت

بۇرۇنقى زاماندا تۇرسۇن دېگەن كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. كۈزنىڭ سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ بىر مازارنىڭ يېنىدىكى يولدا كېتىۋاتسا، ئۇشتۇمتۇت بىر قىزنىڭ: «تۇرسۇن، بۇ ياققا كېلىڭ!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىغان ئىكەن گۆرىستانلىقتىكى قامغاق، يانتاق، قۇمۇشلار ئارىسىدا تۈپ - تۈز كەتكەن يالغۇز ئاياق يول تۇرارمىش، يىگىت ھاڭ-تاڭ بولۇپ: «ئەجىبا، بۇ يەردە مۇنداق يول يوق ئىدىغۇ؟!» دەپ ئويلاپ، يولغا ئىگىشىپ قارىشىغا گويا كەينىدىن بىرى ئىتتىرگەندەك گۆرىستانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. تۇرسۇننىڭ يۈرىكى قاتتىق گۈپۈلدەپ كېتىپتۇ. ئۇ كەينىگە ياناماقچى بولۇپتۇ. ئەمما شۇ ھامان ھېلىقى قىزنىڭ: «قورقماي كېلىۋېرىڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئىختىيارسىزلا ئالغا مېڭىپتۇ، بىر ۋەيرانە گۈمبەز يېنىدىكى ئىگىز، باراقسان ئۆسكەن يۇلغۇنلۇقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا ئالدىدا ئاپپاق، نېپىز كۆينىكى ئەۋرىشىم بويلىرىغا ئاجايىپ ياراشقان، ئۇششاق ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان، يۈزىنىڭ ئېقى - ئاق، قىزىلى - قىزىل جۇلالىنىپ بىر گۈزەل قىز تۇرارمىش.

تۇرسۇن قىزنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىپتۇ. يۈرەك - باغرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوت تۇتىشىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ئويناپ، كۆزىنى قىزدىن زادى ئۈزەلمەيتتۇ. قىز ئۇنىڭغا:

— ھەي يىگىت! سىز مۇنچىلا ھودۇقۇپ كەتمەڭ. ئۆتكەن يىلى ئايدىڭ كېچىدە ناخشا ئېيتىپ ئورما ئورۇۋاتقان چېغىڭىزدىلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بۈگۈن دىدارلاشتۇق. سىز بۇ كىتابنى ئېلىپ كېتىپ، قىرىق كۈن ئەتىكاپىتا ئولتۇرۇپ ئوقۇغايسىز. ئاندىن مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارالايمەن، — دەپتۇ.

— دېگەنلىرىڭىزنى بىجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ تۇرسۇن كىتابنى قىزنىڭ قولىدىن ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ.

— بىراق، — دەپتۇ قىز، — قىرىق كۈنگىچە بۇ سىرنى بىرەر ئادەمگە دەپ سالسىڭىز، ئۇ چاغدا ماڭىمۇ ـ ئۆزىڭىزگىمۇ جاپا سالىسىز.

تۇرسۇن بۇ سىرنى ھېچكىمگە دىمەسلىككە ۋەدە بېرىپتۇ.

— ھازىرچە خەير ـ خوش، — دەپتۇ قىز.

يىگىت تازىمدىن بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئالدىدا باراسان يولغۇندىن بۆلەك ھېچنىمە يوقمىش. كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، ئۆزلۈكىدىن ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ يولغا چىقىپ قاپتۇ.

تۇرسۇن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بويىنى سۇغا سېلىپ، تاھارەت ئېلىپ ھېلىقى كىتابنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان باش كۆتەرمەي كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ساۋاپلىق كىتابلارنى ئوقۇۋېتىپتۇ» دەپ ئۆزىچە سۆيۈنۈپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى تۇرسۇننىڭ خوشنا يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاكىسى مېھمان بولۇپ كەپتۇ.

ئۇ ئىنىسىنىڭ ھوجرىسىغا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكتىن، كىتابنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ئوبدان ئوكام. مۇشۇ كىتاپنى ماڭا بەرسەڭچۇ؟ — دەپتۇ ئۇ.

— ئاكا، بۇ كىتاپنى مەندىن تالاشمىسىڭىز قانداق؟! — دەپتۇ تۇرسۇن.

— ئەمىسە بىر كۆرۈپ باقاي؟!

— كۆرۈپ بېقىشقىمۇ بولمايدۇ!

— ئەمىسە، كىتاپنىڭ نامىنى بولسىمۇ ئېيتىپ بەرگىن!

— بۇ نامى يوق كىتاپ!

ئاكا - ئوكا ئوتتۇرىسىدا بىر خىل قولايسىزلىق يۈز بېرىپتۇ. ئاكىسى جاھان كۆرگەن، ئۈچ خوتۇن ئېلىپ، ئۈچىلىسىنى تالاق قىلىپ، تۆتىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن، گۇمانخور، ھەسەتچى، ھەم ساۋاتلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ، تۇرسۇن كىتاپنى يېپىۋاتقاندا دەرھاللا كۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ ئادىمىزات دۇنياسىدىكى كىتاپلاردىن بولماي، باشقا خىل كىتاپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىكەن. ئىلگىرى ئۆزىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغان ئىنىسىنىڭ ئەمدى بۇ ئىشتا جاھىللىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كىتاپنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاكىسىنىڭ كىتاپقا بولغان گۇمانى ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ.

تۇرسۇن ئاكىسىنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىدىن بىئارام بوپتۇ - دە، ئاكىسىغا:

— ئاكا! بۇ كىتاپنى مەندىن تالاشماڭ، بۇنى مەن ئاران تەسلىكتە سېتىۋالدىم، — دەپتۇ.

— نەدىن سېتىۋالغان؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى يەنە.

— شەھەردىن.

— شەھەردىن؟!

— ھەئە!

— كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىر كىتاپپۇرۇشتىن.

— مېنى ئالدىما! — دەپتۇ ئاكىسى ئىشەنمەي، — بۇ بازاردا سېتىلىدىغان كىتاپ ئەمەس.

— ئىشەنمىسەڭ مەيلى، — دەپتۇ تۇرسۇن ھەمدە كىتاپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاكىسى بىر بازارنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى سېمىز قويىغا بىر قارا پاخلاننى ئەگەشتۈرۈپ، ئالا خورجۇنىغا نەرسە - كېرەكلەرنى توشقۇزۇپ يەنە كەپتۇ. سالام - سائەتتىن كېيىن داستىخانغا خىلمۇ - خىل تاۋار - دۇردۇن، قەن - گېزەكلەرنى قويۇپتۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ مۇنداق سېخىيلىقىدىن ھەيران بوپتۇ. چوڭ ئوغۇل يىغلامسىراپ:

— مېھرىۋان ئانا! ئىنىم ئوقۇۋاتقان كىتاۋىنى ماڭا بەرسە، قويلارنى، تاپقان - تەرگىنىمنى ئۇنىڭغا بەرسەم، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— ھەي بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — مۇنچىلا ئاۋارە بولمىساڭمۇ، ئىنىڭ سەندىن بىر كىتاپنى ئايامتى؟

— ئەپۇ قىلىڭ ئانا! — دەپتۇ تۇرسۇن ئاكىسى بىلەن ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — بۇ كىتاپنى مەن ھېچكىمگە بېرەلمەيمەن.

چوڭ ئوغۇل بۇقۇلداپ يىغلاپ، ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ - دە، يەنە:

— جېنىم ئانا، ئىنىمدىن كىتاپنى ئېلىپ بېرىڭ، بۇ ئىشقا ئىنىمنى كۆندۈرۈڭ، مەن ھەممە نەرسەمنى سىلەرگە بېرەي، — دەپتۇ ئانىسىغا.

ئانا تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە قاپتۇ. ئاخىرىدا چوڭ ئوغلىنىڭ بەرمەكچى بولغان مالۇ - دۇنياسى ئۇنىڭ كۆزىنى قىزارتىپتۇ.

— بالام، ئاكاڭ ساڭا ئاتا ئورنىدىمىغۇ؟! ئۇنداق قىلماي كىتاۋىڭنى ھېچبولمىغاندا كىلەر بازارغىچە بولسىمۇ بېرىپ تۇرغىن، — دەپ تۇرسۇننى قىستاپتۇ ئانا.

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ ئىلاجىسىزلىق ۋە خىجالەتتىن نىمە قىلارىنى بىلمىگەن تۇرسۇن، — مېنى بۇ ئىشتا قىينىماڭلار! كىتاپنى بېرەلمەيمەن، ئۇنى ئاكامغا ئەمەس، ھەتتا سىزگىمۇ بېرىشكە بولمايدۇ!

ئانا تېرىكىپ:

— تۇرسۇن! بىر كونا كىتاپ ئۈچۈن ئاكاڭدىن يۈز ئۆرسەڭ، ھەتتا مېنىمۇ رەنجىتسەڭ كېيىن ياخشى كۈن كۆرەمسەن؟ ياخشى ئويلا! — دەپتۇ.

تۇرسۇن ئۈنچىقماي، ياش تۆكۈپ، جىم تۇرۇۋاپتۇ.

— تۇرسۇن، ھەي تۇرسۇن! — ئانا ئەمدى راستىنلا ئاچچىقلىنىپتۇ، — ئەمدى سەن ئۆزىڭنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشىدىن، ھەتتا تۇققان ئانىسىدىن سىر يوشۇرغان تۇز كور بولدۇڭ، ساڭا بەرگەن سۈتۈمدىن رازى ئەمەسمەن!

تۇرسۇن مېھرىۋان ئانىسىدىن مۇنداق سۆز ئاڭلاشنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەن. ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى كۆتىرەلمەستىن، يىغلىغان پېتى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن كىرىپ قارىسا ھېلىقى كىتاپ يوق تۇرغۇدەك. تۇرسۇن قاتتىق نالە يەريات قىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئانىسى:

— كۆزۈڭنى ئاچقىن بالام. بىر كىتاپ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى مۇنچىلا يېرىم قىلمىغىن. ئاكاڭ ئېلىپ كەلگەن قوينىڭ قوزىسىنى بېقىپ سەمرىتىپ سېتىپ كۆڭلىڭگەن يېرىڭدىن ئۆيلەپ قويىمەن، — دەپتۇ.

تۇرسۇن گەپ-سۆز قىلماي ھوجرىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، ئاكىسى تۇرغان يېزىدىن بىر شۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەۋەر كەپتۇ: تۇرسۇننىڭ ئاكىسى، خوتۇننى ۋە بالا-چاقىلىرىنى قىيناتىسىنىڭكىگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ھوجرىسىدا ھەلىقى كىتاپنى ئوقۇشقا ئولتۇرغان ئىكەن. كىتاپ «لاپ» قىلىپ بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا يامىشىپتۇ. ئۇنى كۆل قىلىپ بولۇپ تام-تورۇسلارغا يامىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆي-جاي، مال-مۈلۈكلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇپتۇ. كەينىدىنلا بىر قۇيۇن چىقىپ كۆلنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ئىزىدا ھېچنەرسە قالماپتۇ.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرسۇننىڭ ئانىسى ھۇشىدىن كېتىپتۇ. تۇرسۇننىڭ ھالىمۇ خاراپلىشىشقا باشلاپتۇ.

ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە، تۇرسۇن ھوجرىسىدا يالغۇز قالغان چېغىدا، تۇيۇقسىز بىر پەرىزات قىز ناھايىتى غەمكىن قىياپەتتە ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ، ئېغىز-بۇرۇنلىرىدا قىپ-قىزىل ئوت ئۇچقۇنى يىلىنجاپ تۇرغۇدەك.

— ھەي پەرىزات! — دەپتۇ تۇرسۇن قىزنى تونۇپ خۇرسىنغان ھالدا، — ۋەدەمدە تۇرالمىدىم، ئەپۇ قىلغايسىز!

— ھەي ئاقكۆڭۈل يىگىت! بۇنى سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ پەرىزات، — ئادىمىزاتنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ھەسەتخورلۇغى ماڭىمۇ پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بالا بولدى. مەن بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. سىزنىڭ ياش جېنىڭىزغا زامىن بولۇپ قالدىم. كەچۈرگەيسىز!.

پەرىزات ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلىغان ئىكەن، تۇرسۇنمۇ چىداپ تۇرالماي يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە قوللىرىنى پەرىزاتقا سۇنۇپتۇ.

— مېنى تۇتماڭ! — دەپتۇ پەرىزات، — ئىچىمدىكى

ئوت سىزگە تېگىشىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئانىڭىز سىزنىڭ كۆلىڭىزنىمۇ تاپالماي قالىدۇ. چۈنكى، مەن ھازىر تامامەن كۆيۈپ تۈگەپ، كۆلگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن.

ئىشىكتە قەدەم شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ. پەرىزات غايىپ بوپتۇ. تۇرسۇننىڭ ئانىسى كىرىپتۇ.

— ئانا! — دەپتۇ تۇرسۇن، — مەن ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، ئۆلۈم ئالدىدا سىزگە دەيدىغان گېپىم بار. مېنى يۆلىسىڭىز.

ئانىسى زار-زار يىغلاپ ئوغلىنى يۆلەپتۇ.

— ئانا، ھېلىقى كىتاپ ئەسلىدە كىتابى تىلىسمات ئىدى. ئۇنى رەھمەتلىك ئاكام ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، دەل بۈگۈنكى كۈندە پەرىزاتقا قېينانا بولىدىغان بولاتتىڭىز. ھەر ئىككىلىمىز بەختلىك بولىدىغان بولاتتۇق. مانا ئەمدى يالغۇز قالىدىغان بولدىڭىز. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ھېلىقى يول بويىدىكى مازارلىقتا ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كۆمگەيسىز، — دەپتۇ-دە، بىر ئاھ ئۇرۇپ جان ئۈزۈپتۇ.

تۇرسۇننى يەرلىگىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر موللام تۇپراق بېشىدا قالغان ئىكەن، ئۇ تاھارەت يېڭىلاپ ئېرىق بويىدىن قايتىپ كېلىۋاتسا، بىر قىزنىڭ دەھشەتلىك يىغا-زارى ئاڭلىنىپتۇ. موللام ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىغان ئىكەن، بىر پارچە ياپ-يېشىل ئوت تۇرسۇننىڭ تۇپرىقى تەرەپكە ئۇچۇۋاتقۇدەكمىش.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. يالغۇز قالغان ئانا ھەر كۈنى مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىدىكەن. كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ ھويلىسىدىن: «ئاھ بالام ئەپۇ قىل!» دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ئاخىرى پىراق-ھەسرەتكە چىدىماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇننىڭ ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، نادانلىق ئەنە شۇنداق ئىناق ۋە باياشات بىر ئائىلىنى گۇمران قىلىپ توزۇتۇۋېتىپتۇ.

(«يېڭى قاشتېشى» نىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: نۇر كېرەم

# پادىشا بىلەن مالچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇۋ ئۇۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشا ئادىتى بويىچە ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇۋغا چىقىپتۇ - دە، بىر توقايلىقتا يېتىپ كەپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىدىن بىر جەرەن چىقىپ قاپتۇ. قوغلاپ يۈرۈپ ئەسكەرلىرى بىلەن جەرەننى ھالقا ئىچىگە ئاپتۇ.

پادىشا شۇئان:

— كىم قاچۇرۇپ قويسا، شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ! — دەپ جاكا قىپتۇ. لېكىن جەرەن دەل پادىشانىڭ بېشىدىن ھالقىپ چىقىپ قېچىپتۇ. بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئىزا تارتقان پادىشا، «ھېچكىم ئارقامدىن ئەگەشمىسۇن» دەپ، جەرەننى ئۆزى يالغۇز قوغلاپ مېڭىپتۇ. قوغلا - قوغلا كەچ كىرىپتۇ. بىر جىلغا بويىغا كەلگەندە جەرەننىڭ ئىزىنى يوقىتىپ تېنەپ قاپتۇ. قايتاي دېسە ئادەملەرنىڭ قەيەردە قالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇسسىزلىق، ئاچلىق ئازاۋى شاھنى ئالدىرىتىپتۇ. شاھ ئەتراپقا قارىغان ئىكەن، نېرىدا بىر كەپە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىس چىقىپ تۇرغۇدەكمىش. پادىشا كەپىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا كەپىدىن بىر كىشى چىقىپتۇ. بۇ كىشى بېشىغا كونا كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان جىلىتكە، تېرە شىم كىيگەن. قەددى - قامەتلىك، خۇشخۇي ئادەم ئىكەن. ئۇ پادىشانى كۆرۈپ كەپىگە تەكلىپ قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پادىشا كەپىگە كىرىپ تۆرگە سېلىنغان تىكە تېرىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپتۇ. ساھىپخان پادىشانىڭ ئالدىغا بىر ھەجىر قېتىق، ئىككى پارچە قوناق نېنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ ـ دە، شاھنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشانىڭ بۇ تاماقلارنى يېيىشكە دىلى تارتمىغان بولسىمۇ، ئاچلىق ـ ئۇسسىزلىقنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىرئاز يېگەن ئىكەن، نان بىلەن قېتىق سارايى تاماقلىرىدىن مىڭ ھەسسە لەززەتلىك تېتىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى قېتىق، نانلارنى پاك ـ پاكىز يەۋېتىپتۇ.

— ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا دۇئادىن كېيىن ساھىپخانغا قاراپ:

— ئىسمىم ئاياز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ساھىپخان، — ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟

— شاۋاز دەپتۇ، — دەپتۇ پادىشا، — سىز بۇ جاڭگالدا نېمە ئىش قىلىسىز؟

— باينىڭ مېلىنى باقىمەن. ئۆزلىرى قانداقلارچە بۇ ياققا كېلىپ قاللا؟

پادىشا ئۆزىنىڭ سودىگەرلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېچىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بايان قىپتۇ ـ دە، ئايازدىن ئۆزىنى بۈگۈن بىر كېچە شۇ كەپىدە قوندۇرۇۋېلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئاياز ئۆزىنىڭ بىر مالچى ئىكەنلىكىنى، مېھمانغا سېلىپ بەرگۈدەك يوتقان ـ كۆرپىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغان ئىكەن، پادىشا «كېرەك يوق» دەپ كەپىدە بىر كېچە تۈنەپتۇ. ساھىپخان شاھنىڭ ئاستىغا چومنى سېلىپ، بېشىغا بىر كېسەكنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا داق يەردىلا يېتىپتۇ. پادىشا شۇ كېچىسى ھېلىقى ئەسكى چومنىڭ ئۈستىدە شۇنداق شېرىن ئۇخلاپ كېتىپتۇكى، سارايدا

توققۇز قەۋەت دۇخاۋا - ئەتلەس كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپمۇ مۇنداق راھەت ئالمىغان ئىدەن.

شاھ ناھايىتى سەھەر ئويغىنىپ قارىسا، مالچى ئاياق تەرىپىدە شاھقا قاراپ ئولتۇرغۇدەك. شاھ ھەيران بولۇپ:

— سىز ئەتىدىن - كەچكىچە مال بېقىپ يۈرۈپ چارچىغان - سىز، نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن. مالچى:

— سىز مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان. مەن سىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭىزنى قوغدىمىسام بولامدۇ؟ چۈنكى بۇ جاڭگال، ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن خالى ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر مالچى بولسىمۇ، لېكىن قەلبى پاك، ئالىجاناپ، سەممىي بىر ئادەم ئىكەنلىگىنى ھىس قىپتۇ. ئاڭغىچە تاڭمۇ خېلى يورۇپتۇ.

— خەير - خوش، رەھمەت! — دەپتۇ پادىشا مالچى بىلەن خوشلىشىپ ۋە ئېتىغا مىنىپ ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ. بىرنەچچە كۈنلەرگىچە ئايازنىڭ قىلغان سەممىي ئادىمەتچىلىگى پادىشانىڭ كۆڭلىدىن زادىلا چىقماپتۇ. «بۇ ئادەم مېنى خالىس شۇنداق كۈتۈپ، كۆڭۈل بۆلدىمۇ ياكى مېنىڭ كىيىم - كېچەكلى - رىمگە قاراپ بىر باي كىشىكەن، دەپ يالغاندىن ئىززەت كۆرسەتتىمۇ» دەپ ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئەتىسى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىدىن بىرىنى دىۋانە قىياپەتتە ياساپ، ئايازنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئاياز دىۋانە كىيىمدىكى ۋەزىرنىمۇ خۇددى پادىشانى كۈتكەندەك سەممىي، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ۋەزىر قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ۋە ئايازنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى پادىشاغا سۆزلەپتۇ. پادىشا بەنە ئىشىنەلمەي، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بىچارە قىياپەتكە كىرگۈزۈپ ئەۋەتكەن ئىكەن، شاھزادىنىمۇ ئۆزىنى، ۋەزىرنى كۈتكەندەك

كۆتۈۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن شاھ ئايازنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پۇل-ئابروي ئۈچۈن ئەمەس، ئادىمىگەرچىلىك ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن ساپدىل كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ-دە، نەۋكەرلىرىنى بۇيرۇپ ئايازنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ.

ئاياز تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە شاھقا تازىم قىلىپ، ئاندىن ئاستا چىرايىغا سەپسالسا ھېلىقى تۈنجى قېتىم ئۆيىگە كەلگەن كىشى شۇ ئىكەن، ئىككى يېنىدا زەرباپ تونلارغا ئورۇلۇپ ئولتۇرغان ئىككى كىشى، كېيىن كەپسىگە بارغان غېرىپ-دىۋانىلەر ئىكەن.

مالچى ئەھۋالنى چۈشىنەلمەي ھەيران قاپتۇ. پادىشا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى مۇنچىغا ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شاھانە كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھ ئۇنى ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى قىلىپ بەلگىلەپتۇ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشا، ئايازنىڭ ئەقلىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇۋغا چىققان مەزگىلدە بىر يەردە كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىزلا:

— يېيىشكە نېمە تاتلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايازمۇ دۇدۇقلىماي دەرھال:

— تۇخۇم دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. پادىشا ئۈنچىقماپتۇ. بۇ قېتىمقى ئۇۋ تۈگەپ ئارىدىن بىرقانچە ھەپتىلەر ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇنى ئۇۋغا بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭدىن:

— نېمە بىلەن؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئاياز يەنە دەرھال:

— تۇز بىلەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭ ھەر ئىككى قېتىملىق جاۋابىدىن تولىمۇ خۇشاللىنىپ كېتىپتۇ، چۈنكى پادىشا ھەقىقەتەنمۇ تۇخۇمنى تۇز بىلەن يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەم ئۇنىڭدىن سورالغان سو-

ئاللار كۈتۈلمىگەندە بىرىلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەييارلىقسىزلا
هازىر جاۋاپلىغى شاھنى ھەيران قالدۇرغان ئىكەن. شۇنىڭدىن
كېيىن پادىشا ئاياز نىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىگىگە
قايىل بوپتۇ - دە، ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ بەلگىلەپتۇ.

ئاياز ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، پادىشاغا تەكلىپلەرنى بىرىپ،
ئاچكۆز ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان، خەلقنى قاخشىتىدىغان
نامۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. دۆلەت ۋە
خەلقنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ، قۇدرەت تېپىشقا باشلاپتۇ. ئەكسى
چە بىر ئوچۇم ئاچكۆز ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقلىرى قۇرۇغدىنىپ،
لەۋلىرى قاغجىراشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئايازغا ھەسەت قىلىشىپتۇ.
پادىشا يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، ئايازنى يامانلاپ چېقىشتۇرۇپتۇ.
ئاخىرى پادىشا ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قاپتۇ - دە، ئايازنى
ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

ھىلىقى ئاچكۆز ۋەزىر، ئەمەلدارلار خەلققە زۇلۇم سالىدىغان
تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن مەملىكەت ۋە
خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىققا يۈز تۇتۇپتۇ، خەلقنىڭ نارازىلىغى،
پادىشاغا غەزىۋى كۈچىيىپ، غەلىيان - ئىنسانلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ.

پادىشا ئايازنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ياخشى قىلمىغانلى
غىنى ھىس قىلىپ ئۇنى يەنە ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. ئۇ ئادىل
سىياسەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلەپتۇ. مەملىكەت يەنە گۈل
لىنىشكە باشلاپتۇ. پادىشا زادى كىمنىڭ ئۆزىگە بەكرەك سادىق
ۋە ھالالىراق خىزمەت قىلىدىغانلىغىنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن،
بىر كۈنى قىرىق خېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، ئاياز ۋە
باشقا ئەمەلدارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سەپەرگە چىقىپتۇ. پادىشا يول
بويى ئالتۇن - كۈمۈشنى چېچىپ مېڭىپتۇ - يۇ، ھەرگىز كەينىگە
قارىماپتۇ. بىر ھازادا بىر بۇلاقنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپ توخ
تاپ ئارقىسىغا قاراپتۇ. ئارقىسىدىن يالغۇز ئايازلا كېلىۋاتقۇدەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالغان ئەمەلدارلار چىچىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تالىشىپ، مۈشتلىشىۋاتقۇدەك.

پادىشا شۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ ھەقىقى يۈرىكى بىلەن پادىشاغا، دۆلەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ پۇل ـ مەنسەپ ئۈچۈنلا خوشامەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بايقىۋاپتۇ. ئايازنى باش ۋەزىر ھەم خەزىنىچى قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ.

ئاياز يۇقىرى مەنسەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ پادىشاغا، خەلققە، دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن ئىشلەپتۇ. باج ـ سېلىقلارنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، سودا ـ تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇپتۇ. يەر تېرىغۇچىلار ۋە ھۈنەرۋەن ـ تىجارەتچىلەرگە يول ئېچىپ، پۇلى بولمىسا خەزىنىدىن قەرز بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن يەنىلا ئۆزىگە نەپ ئالالمىغان ئوردا پىتنىچىلىرى پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ «ئاياز ئۇنى قىلدى، ئاياز بۇنى قىلدى، خەزىنىنى گادايلارغا تارقىتىپ، ئۆزى ئوبدانچاق بولدى، خەزىنە قۇرۇقدىنىپ قالدى ...» دەپ چېقىپ، ئىغۋالارنى توقۇپتۇ.

پادىشا ئۆتكەندە مۇشۇ پىتنىچىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ھالال ـ سادىق دوستىنى خاتا جازالاپ، ئەلنى خاراپ قىلىشقا تاس قالغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان ئىكەن. شۇڭا بۇدا ئۇلارغا «ھىم» دەپلا قويۇپتۇ. ئۇنداق ـ مۇنداق جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئۆزى خەزىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

ئەتىسى ئايازنى ئېلىپ خەزىنىنى تەكشۈرۈپتۇ. قارىسا خەزىنە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئاشلىق، قورال ـ ياراق، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تولغان. پادىشا ئەڭ ئاخىرى خەزىنىدىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىدا، بېشىغا بىر نەرسە تېگىپتۇ، بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا بىر جۈپ ئەسكى چورۇق ئىشىك بېشىغا ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان پادىشا ئايازدىن:

ـــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ـــ دەپ سورىغان ئىكەن، ئاياز

کەمتەرلىك بىلەن:

— مەن ئاۋال خۇدا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىلىرىدە بۇنچىلىك چوڭ ئىززەتكە سازاۋەر بولدۇم. مەن ئەسلىدە بىر نامرات مالچى ئىدىم. تېرە كىيىم بىلەن ئەسكى چورۇق كىيەتتىم، ھالا بۈگۈنكى كۈندە بەخت ماڭا يۈزلىنىپ بۇ كۆنلەرگە ئېرىشتىم. لېكىن مەن راھەتكە چىققاندا، جاپالىق كۈنلىرىمنى ئۇنتۇپ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشمەي دەپ، ھەربىر كىرگەن-چىققان ۋاقتىمدا چورۇق كۆز ئالدىمدا تۇرسۇن دەپ، مۇشۇنداق قىلدىم، — دەپتۇ.

ئايازنىڭ مۇنداق ئالىجاناپلىقىدىن پادىشا تولىمۇ تەسىرلىنىپ يىغلاپ سېپتۇ. ئۆزىمۇ قېرىپ قالغان ئىكەن، ئايازنى پادىشالىققا لايىق كۆرۈپ، ئورنىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئاياز پادىشا بولۇپ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپتۇ. «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇغۇڭنى قۇرۇتما!» دىگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

(«توققۇز بۇلاق» نىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ئابلاجان.

(يۇقۇرقى چۆچەكلەرنى ئىزىز ساۋۇت توپلاپ رەتلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى تورىسى

# باتۇر يىگىت

ئابدۇرىشىتخان زامانىسدا، زەرەپشان بويىدا توختى ئىسىملىك بىر كەمبەغەل ۋە شامەرەم دىگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. كەمبەغەلنىڭ زىرەك دىگەن ئوغلى. باينىڭ زەرىپە دىگەن قىزى بولۇپ، زىرەك بىلەن زەرىپەنىڭ ھۆسنى - لىتاپىتى تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇلارنىڭ: «ئۆلسەكمۇ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز» دىگەن قەسىمى بار ئىكەن.

توختى شامەرەمباينىڭ ئۆيىگە زەرىپەنى كىلىنلىككە سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. شامەرەم زىرەكنى كەمبەغەل كۆرۈپ ئەلچىنى قۇرۇق قايتۇرۇپتۇ ۋە زەرىپەنى باشقا بىر باينىڭ ئالىم دىگەن بالىسىغا بەرمەك بوپتۇ. ئاخىرى تويىمۇ بولۇپتۇ. شامەرەم ۋە ئۇنىڭ جادىگەر خوتۇنى زەرىپەنى ئالىمغا زورمۇ - زو قوشۇپ قويۇپتۇ. زەرىپە يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ، ئامال بولماپتۇ.

توي يۈتكۈگۈچىلەر يىرىم يولغا بارغاندا ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چىقىپتۇ. چاقماق ئارىسىدىن قۇرقۇنچاق بىر دىۋە چىقىپ زەرىپەنى ئىلىپ قىچىپتۇ. بۇ ئەھۋالىنى زىرەك ئۇقۇپ بەكمۇ ئىچىنىپتۇ ۋە دادىسىغا:

— مەن زەرىپەسىز ياشىيالمايمەن، ئۇنى تىپىپ كىلىشىم كىرەك، — دەپتۇ.

— زەرىپەنى دىۋە ئىلىپ كەتكەن تۇرسا ئۇنى نەدىن تاپاتتىڭ؟ — دەپتۇ زىرەكنىڭ دادىسى ئۇنى بەزلەپ.

زىرەك ئاخىر ئاتا - ئانىسىنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپ زەرىپەنى ئىزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ. زىرەك ئىزلەپتۇ، ئىزلەپتۇ، ئەمما، زەرىپەنىڭ ئىز - دىرىكىنى ھېچيەردىن ئالالماپتۇ. «زەرىپەنى دىۋە يەپ قويدىمىكىن» دىگەن ئەندىشىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپتۇ ۋە يولنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ خۇدادىن نىجاتلىق تىلەپتۇ. ئۇ تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكۈدەك بولغاندا، ئالدىدا بىر ئاپپاق ساقال بوۋاي پەيدا بوپتۇ ۋە:

— نىمىشقا يىغلايسەن بالام؟ دەردىڭ بولسا ئېيت، — دەپتۇ.

— بوۋا، سىز سورىماڭ. مېنىڭ مەشۇغۇمنى دىۋە ئېلىپ كەتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئىزلەۋاتىمەن، ھېچبىر ئىز - دىرىكىنى ئالالمىدىم، — دەپتۇ زىرەك.

— مېنىڭ بىلەن يۈر، دىۋىنىڭ جايىنى مەن بىلىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

زىرەك بوۋاينىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ. ئۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر يىگىت ئۇچراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ھەي يىگىت سەن قاياقتىن كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن شامەرەمباينىڭ كۈيوغۇلى بولىمەن، — دەپتۇ ئالىم، — مەن زەرىپە دىگەن قىزغا ئۆيلەنگەن ئىدىم، يۆتكەپ كېتىۋاتقىنىمدا يول ئۈستىدە دىۋە بۇلاپ قاچتى. شۇنى ئىزلەپ يۈرۈمەن.

بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ:

— مەن بىلەن يۈر، قىزنىڭ بار يېرىنى مەن بىلىمەن، — دەپتۇ.

زىرەك بىلەن ئالىم بوۋاينىڭ كەينىدىن بىللە يۈرۈپتۇ. ئۇلار كۈن بويى يۈرۈپ ھېچنەرسە يىمەپتۇ. زىرەك زەرىپەنىلا ئويلاپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن قوسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ بىلمەپتۇ. ئا-

لىمنىڭ قوسىغى بەك ئېچىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن بوۋايغا:
— بىر ئاز توختاپ، بىر نەرسە يەپ قوسىغىمىزنى تويغۇز-غاندىن كېيىن ماڭايلى، — دەپتۇ. بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ:
— ئالىم، كەينىڭگە قارا، — دەپتۇ.
ئالىم دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا ناھايىتى كاتتا بىر ئىمارەت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز پەلەمپەينىڭ يېنىدا-يوغان بىر يامدا ياڭاق دەرىخى كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي:
— بىز مۇشۇ يەرگە كىرىپ بىر نەرسە تېپىپ يەيلى، — دەپتۇ - دە، زىرەك بىلەن ئالىمنى باشلاپ پەلەمپەيگە چىقىپ ئىشكنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر موماي چىقىپ:
— كىم سىلەر؟ — دەپتۇ. ئاقساقال بوۋاي ئۇنىڭغا:
— يولدا ھېرىپ چارچىدۇق، بىزگە قوساق تويغۇدەك بىر نەرسە بەرسىڭىز، — دەپتۇ.
— بولىدۇ، ئۆيسەن كىرىشسىلە، — دەپتۇ موماي.
ئۇلار مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۆيدە ئون سەككىز-ئون توققۇز ياشلار چامىسىدا كېلىشكەن بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. موماي مېھمانلارنىڭ قوسىغىنى تويغۇزۇپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن:
— ھەر بىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى. ئېيتسام بولارمۇ؟ — دەپتۇ. بوۋاي باش لىڭشىتقاندىن كېيىن موماي كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتىپتۇ:
— مەن بىر تۇل خوتۇن، مۇشۇ قىزىمدىن ئۆزگە ھېچ-كىمىم يوق. بىر يىگىتنى كۈيوغۇل قىلىۋالماقچى ئىدىم. بۇ ئىك-كى يىگىتنىڭ قايسى بىرىنى ماڭا كۈيوغۇللۇققا بېرەلەيسىز؟
زىرەك زەرىپەنى تېپىش نىيىتىدىن پەقەت يانمايدىغانلى-غىنى، بوۋايدىن زادى ئايرىلمايدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن بو-ۋاي ئالىمغا:

— بولمىسا سەن قال، — دەپتۇ. ئالىمنى دۇنياغا قىزىقمىش، قىزنىڭ ھەۋسى - جامالىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان ئىكەن، بوۋاي-نىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ياغدەك يېقىپتۇ.

بوۋاي زىرەكنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر پوتەي يول يۈرگەندىن كېيىن بوۋاي زىرەككە:

— قول ياغلىغىم موماينىڭ ئۆيىدە قاپتۇ. ئەكېلىپ بەر-سەڭچۇ؟ — دەپتۇ.

زىرەك ماقۇل بولۇپ ھېلىقى يەرگە بېرىپ قارىسا، ئۇ يەر-دە ئۆينىڭ ئىزىمۇ يوق، بىر ئىت ئالىمنى تالاۋاتقۇدەك. زىرەك بۇنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ ۋە ئۇچقاندەك يېنىپ كېلىپ بوۋايغا:

— يامان بوپتۇ، ئالىمنى ئىت تالاۋېتىپتۇ، ئۇ بۇ چاققىچە ئۆلۈپ قالغاندۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي بىر سۆزگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا:

— ئىتنىڭ ئالىمنى نېمە ئۈچۈن تالىغانلىقىنى بىلەم-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيمەن بوۋا، — دەپتۇ زىرەك.

— ئويلىساڭ چۈشىنىسەن. — دەپتۇ بوۋاي.

بوۋاي زىرەكنى باشلاپ يەنە مېڭىپتۇ. بىر كېچە - كۈن-دۈز ماڭغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي قۇرام تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر ئۆينىڭ يېنىغا كەپتۇ. بوۋاي:

— بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — دەپتۇ.

زېرەك ئۆيگە كىرسە ئۆيدە تاش كارۋات، تاش قازان، تاش چىنە، تاش كاساك تۇرۇپتۇ. قىسقىسى ھەممە نەرسە تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئىكەن.

بوۋاي زىرەكنى يېيىش ئۈچۈن بىر نەرسە تېپىپ كېلىش-كە بۇيرۇپتۇ.

زىرەك بوۋاينىڭ بۇ كەپسدە يەتتەكۈن تۇرۇپتۇ. بوۋاي

www.uyghurkitap.com

زىرەكنىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— سەن زەرىپەنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغدىكى ۋولقان سىلەن ئوت يولۋاسىنىڭ غارىغا كىرىپ خاسىيەتلىك خەنجەرنى ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك. مەندە ئوتتا كۆيمەيدىغان كىيىم بار، شۇنى كەيگىنىدە. ھېچنەرسىگە قارىماي ئالدىڭغا قاراپ ماڭ! ئارقاڭغا يانما! ئارقاڭغا داجىساڭ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىسەن، — دەپتۇ.

زىرەك ئوتتا كۆيمەيدىغان كىيىمنى كىيىپ تاققا قاراپ راۋان بوپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن تاققا يېتىپ بېرىپتۇ. يىراقتىن يالقۇن ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. زىرەك ھېچبىر ئەيمەنمەستىن، ئوتقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوتنىڭ تەسىرىنى قىلچە سەزمەپتۇ. ئوت يولۋاس تاغ چوققىسىدىكى غارنى كۈزىتىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ كۆزى زىيادە يوغان سولۇپ، ئاغزىدىن ئوت چاچراپ تۇرىدىكەن.

زىرەك زەرىپەنى ئېسىگە ئېلىپ كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپتۇ. «ئاللا ھۇ ئەكبەر» دەپ غارغا كىرىپتۇ. قارىسا ئوت ئىچىدە بىر خەنجەر ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. زىرەك ئۇنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر سىلكىگەن ئىكەن، ئوت يولۋاس يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئوتمۇ ئۆچۈپتۇ. زىرەك بۇ خاسىيەتلىك خەنجەرنى ئېلىپ دىۋىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاغ دىۋىسى غاردا ئۇخلاپ ياتقۇدەك. يېنىدا بىر ئالتۇن قەپەز بولۇپ، ئۇنىڭدا زەرىپە تۇرغۇدەك. زىرەك زەرىپەنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىشكە تاس - تاماس قاپتۇ. ئۆزىنى زورغا بېسىپ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ زەرىپەنىڭ ۋىسالىغا قېنىپتۇ.

ئېتىپ بەرگۈچى: تۇنساگۈل ياسىن

## گۈلى رەنا

بۇرۇنقى زاماندا، بىر جاڭگالدا بىر جۈپ ئەر ئايال ياشايدىكەن. ئەرنىڭ ئىسمى دەنا، ئايالىنىڭ ئىسمى رەنا ئىكەن. دەنا ئوتۇنچىلىق قىلىدىكەن، رەنا ئۆي ئىشلىرىغا قارايدىكەن.

بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا، بىر باي دەنا بىلەن رەنانىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. باينىڭ نەپسى يامان ئىكەن، بۆدۈنە گۆشىنى ياخشى كۆرىدىكەن. يېنىدىن بۆدۈنە ئايرىلمايدىكەن. ئۇ خىزمەتكارلىرىدىن بىرىگە:

— سەن مۇشۇ ئۆيدە بۆدۈنە پىشۇرۇپ چىق، — دەپتۇ.

خىزمەتكار ئۆيگە كىرىپ گۈزەل گۈلى رەنانى كۆرۈپتۇ-يۇ، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بۆدۈنە گۆشى پىشىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايدىن قورقۇپ يىغلاپتۇ.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپتۇ گۈلى رەنا.

— ئەمدى بۆدۈنىنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ خىزمەتكار. گۈلى رەنانىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— غەم قىلماڭ، — دەپتۇ-دە، كىچىككىنە خېمىر يۇغۇرۇپ ئىككى بۆدۈنە ياساپ «سۇپ» دېگەن ئىكەن، بۆدۈنىگە جان كىرىپتۇ. گۈلى رەنا خىزمەتكارغا بۆدۈنىنى ئوخشىتىپ پىشۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەتكار باينىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېلىقى بۇدۇنە گۆشىنى قويۇپتۇ. باي بۇنى قانداق پىشۇرغانلىقىنى سوراپتۇ. خىزمەتكار ئېيتماپتۇ. باي سوراۋەرگەندىن كېيىن ئەھۋالنى بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ-دە، خىزمەتكارنى ئەۋەتىپ رەنانىڭ ئېرى دەنانى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سېنىڭمۇ بۇدۇنەڭ بار ئىكەن، مېنىڭمۇ بۇدۇنەم بار. ئىككىمىز سوقۇشتۇرايلى. سەن ئۇتساڭ بۇدۇنەمنى ساڭا بېرىمەن، ئۈستىگە ئالتۇن - كۈمۈش بېرىمەن. ئەگەر مەن ئۇتسام بۇدۇنەڭ ئۈستىگە خوتۇنۇڭنى بېرىسەن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

باينىڭ سۆزىنى رەت قىلىش مۇمكىن بولماپتۇ. دەنا ئۆيىگە كېلىپ گۈلى رەنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— سىز زەرەپشان بويىغا بېرىڭ، بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ بۇدۇنە بار، ئۇنىڭ ئىككىسى سېمىز ۋە چىرايلىق. سىز ئۇنى ئالماڭ. يەنە بىرى ئورۇق ۋە سەت، شۇنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ گۈلى رەنا.

دەنا زەرەپشان بويىغا بېرىپ رەنانىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سىزگە نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ گۈلى رەنانىڭ دادىسى.

— مەن بۇدۇنىگە كەلدىم، — دەپتۇ دەنا.

— بۇدۇنىلەر ئەنە! خالىغىنىڭىزنى ئېلىڭ، — دەپتۇ گۈلى رەنانىڭ دادىسى. دەنا گۈلى رەنانىڭ دېگىنى بويىچە ئەڭ ئورۇق، ئەڭ سەت، بىر پۇتلۇق، بىر كۆزلۈك بۇدۇنىنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە، شۇنى ئالىمەن، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى بەت-بەشىرە بۇدۇنىنى تۇتۇپتۇ.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا:

— سېنىڭ بايغا مەيلىڭ بارلىقىنى بىلىدىم، شۇنچە ئوبدان بۆدۇنىلەر تۇرسا، بۇ قوتۇر بۆدۇنىنى ئەكەلدۇرۇشتە مەقسىتىڭ بار، — دەپ گۈلى رەناغا كايىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قېنى ئېلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ گۈلى رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

دەنا بۆدۇنىنى كۆتىرىپ، باينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. باي بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ قوتۇر بۆدۇنەڭ مېنىڭ بۆدۇنەمنى يېڭەلەمدۇ؟ — دەپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ يوغان، سېمىز بۆدۇنىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

ھىلىقى ئورۇق ۋە كىچىك بۆدۇنە باينىڭ سېمىز بۆدۇنىسىنى بىر پۇتىدا سەكرەپ تۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ چوقۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. غەزەپتىن باينىڭ چىشلىرى كىرىشىپتۇ ۋە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپتۇ.

— باي ئاكا، بېرىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بەرمەملا؟ — دەپتۇ دەنا. باي كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— سەن كېتىۋەر، كەينىڭدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

دەنا ھېچنېمە دېيەلمەي يېنىپ كەپتۇ ۋە يەنە ئاۋالقىدەك ئوتۇنچىلىقىنى قىلىۋېرىپتۇ. باي بولسا بۇزۇق نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئۇ يالاقچىلىرىنى باشلاپ گۈلى رەنانى بۇلاپ كېتىشكە كەپتۇ.

تاغدا ئوتۇن كەسلەۋاتقان دەنا باينى كۆرۈپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كەپتۇ ۋە گۈلى رەناغا:

— يامان بولدى، باي سېنى بۇلاپ كېتىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ. — دەپتۇ. گۈلى رەنا ھودۇقماي:

— ھېچۋەقەسى يوق، بىز ئۆگزىگە چىقىپ كېتەيلى، —

دەپتۇ - دە، خاسيەتلىك سالەۋاتنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ.
باي يالاقچىلىرىنى باشلاپ، ھارۋىلىرىنى تاراقشىتىپ، ھە-
ھۇ بىلەن يېتىپ كەپتۇ. باي گۈلى رەنانىڭ گۈزەل جامالىنى
كۆرۈپ تېخىمۇ ئالدىراپتۇ ۋە يالاقچىلىرىغا چاپسان شوتا قويۇپ
گۈلى رەنانى ئېلىپ چۈشۈشنى بۇيرۇپتۇ.
بۇچاغدا گۈلى رەنا ھېلىقى ساندۇغىنىڭ بىرىنچى تارتمى-
سىنى تارتىپتۇ. شۇ زامان شەرقى - شىمال تەرەپتىن گۈكىرەپ
قاتتىق بوران چىقىپتۇ، خۇددى زىمىستان قىشتىكىدەك ئاچچىق
سوغ بولۇپتۇ. ئىككىنچى تارتمىسىنى تارتقان ئىكەن، سۇلار مۇز-
لاشقا باشلاپتۇ. باي يالاقچىلىرى بىلەن مۇزلاپ قاپتۇ، مۇزدىن
ئۇلارنىڭ بېشىلا چىقىپ قاپتۇ.
گۈلى رەنا ساندۇقنىڭ ئۈچىنچى تارتمىسىنى تارتىپتۇ. شۇ
ھامان بىر مۇنچە كىشىلەر پەيدا بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا
ئايپالتا بار ئىكەن ئۇلار ئايپالتا بىلەن باي ۋە يالاقچىلارنىڭ كاللى-
سىنى ئاپتۇ. ئىككى ئەر - خوتۇن خۇشال - خورام ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېكىسار لوميا گۈگشې تىتىر باغ 4 - دادۈي 2 - شياۋدۈيدىن 108 ياشلىق موسا ئەيسا.

# پولات بىسلىق خەنجەر

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم مەھەللىدە بىر ئۆيلۈك ئەر - خوتۇن ياشايدىكەن. ئەرنىڭ ئىسمى توختى، ئايالىنىڭ ئىسمى هاشىخان ئىكەن. ئۇلار هەريىلى بىكار تۇرماي ئىشلىسىمۇ قوسىغى تويغۇدەك نانغا، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىم - كېچەككە ئىگە بولالمايدىكەن.

بىر يىلى قاتتىق قەھەتچىلىك بولۇپ ئۇلار يەرگە چاچقان ئۇرۇغىنىمۇ يىغۋالالماپتۇ. ياندۇرقى يىلى باهار كەلگەندە توختى غەمگە چۈشۈپتۇ. هاشىخان ئېرىگە:

— ئامالىمىزيوق، سەن باينىڭكىگە بېرىپ ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ئىششەك (تۆت جىڭ) قوناق ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. توختى تېرىلغۇ ۋاقتى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئامالىنىڭ يوقلۇغىدىن بېشىنى تاتىلاپ باينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئىش خېلى ئوڭشۇلۇق بولۇپتۇ. باي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ماقۇل كەپتۇ.

— بولىدۇ، بەرسەم بېرەي، ئەتە كەلگىن، — دەپتۇ باي ۋە توختاخۇن كەتكەندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— ئىششەك قوناق ئېلىپ چىق، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى تەلەتىنى سەتلەشتۈرۈپ:

— خەققە ئۆتنە بەرمەكچىمۇ سەن؟ — دەپتۇ چالۋاقاپ.

باي خوتۇنىغا قاراپ:

— سەن نىمىنى بىلىسەن، هازىر ئۇنىڭغا ئىششەك قوناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرسەك، كۆزدە ئۇنىڭدىن ئۈچ مو يەردىن ئۆتكۈزۈپ ئالىمىز، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئېرىگە دۈمسىيەپ:

— چۆچۈرىنى خام ساناپسەن، ئۇ كۆزدە قونىغىنى يېغىۋال-غاندىن كېيىن قونىغىغا چوقۇم قوناق بېرىدۇ. ساڭا نەدىكى يەر؟ — دەپتۇ. باي ئاستاغىنە:

— ئۇنىڭغا بېرىدىغان قوناقنى قورۇۋېتىمىز، شۇنداق قىل-ساق ئۈرۈق ئۈنمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇ گاداي قانداق قىلىپ كۆز-دە قوناق بېرەلىسۇن؟ — دەپتۇ.

باينىڭ خوتۇنى خۇشال بولۇپ، قوناقنى ئېلىپ چىقىپ قو-رۇشقا باشلاپتۇ. قوناقنى قازانغا قۇيغاندا بىر تال قوناق قازان بېشىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. قوناق قورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تەڭلىگە قۇيۇپتۇ. قازان بېشىغا چېچىلغان قوناقلارنى سۈپۈرگەن-دە ھېلىقى بىر تال قوناقمۇ تەڭلىگە چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى توختى ئۇرۇقلۇق قوناققا كەپتۇ. باي:

— باشتا گەپ بولمىسا ئايىغىدا سۆز بولمايدۇ، بىز ئوب-دانراق كېلىشىۋالايلى، كۆزدە قونىغىمغا قوناق بېرىسەن. ئەگەر بېرەلمىسەڭ يېرىڭنى بېرىسەن. شۇنى بىلگىنكى، كۆزدە قوناق بېرەلمىسەڭ ئۈچ مو يېرىڭ مېنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

توختى «ھەرنىمە قىلسام ئىششەك قوناقنى بىر نىمە قىلا-لارمەن» دەپتۇ ـ دە، باينىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ توختى خوتۇنى بىلەن مىڭبىر جاپادا يې-رىنى تېرىۋاپتۇ. ئەمما يەردىن بار ـ يوقى بىرتوپىلا قوناق ئۈ-نۈپ چىقىپتۇ. ئوغۇت ۋە سۇنىڭ كۈچىدىن ھېلىقى قوناق قا-باھەت ئوخشاپتۇ. ئادەمنىڭ يوتىسىدەك يوغان باش تارتىپتۇ. توختى «بۇنىڭدىن قانداقلا بولمىسۇن ئىششەك قوناق چىقىپ قالار» دېگەن ئويدا بولۇپتۇ.

قوناق پىشىشقا يېقىنلاشقاندا توختى قوناقنىڭ يېنىدىن

ھەقە كۈنلەردىن بىر كۈنى گەنگەندە، بىر
زادىلا ئېرى كەتمەپتۇ. كۆنلەردىن بىر كۈنى گەنگەندە، بىر
ئۈچۈپ كېلىپ، ھېلىقى قوناقنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ قېچىپتۇ. بۇ
ئىشقا دىققەت بولغان توختى ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. قاغا ئۈچۈپ
تالماپتۇ، توختىمۇ ئارقىسىدىن قالماپتۇ. قوغلا، قوغلا، قاراڭغۇ
چۈشۈشكە ئاز قالغاندا قاغا قوناق بېشىنى بىر غارغا ئېلىپ كى-
رىپ كېتىپتۇ.

توختى قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكى ۋە يولنى پەرق ئې-
تەلمىگەنلىكى ئۈچۈن غارغا كىرىپ يېتىشنى ئويلاپتۇ. غارغا كى-
رىپ قارىسا بىرمۇ ئادەم يوق، قاغىمۇ يوق، ئۆڭكۈرنىڭ بىر چې-
تىدە بىر تۈپ ئانار دەرىخى تۇرغۇدەك. توختى ئەنە شۇ ئانار
دەرىخىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يوغان بىر
بۆرە غارغا كىرىپ كەپتۇ. كېيىن يولۋاس، شىر، ئېيىق، مايمۇن-
لار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشىپتۇ. ھېلىقى دىغان تىنىغىنىمۇ تې-
شىغا چىقىرىشقا پېتىنالماي يېتىۋېرىپتۇ. بۆرە ئەتراپنى پۇراپ:
ـــ بۇرنۇمغا ئادەم پۇرىغى كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر كۆزۈمگە كۆرۈ-
نىدىغان بولسا شۇ يەردىلا تېرىسىنى سويىمەن. — دەپتۇ.
— بۇرنۇمغا ئادەم ھىدى كېلىدىغۇ؟ ئەگەر كۆرۈنىدىغان
بولسا تېرىسىنى شىلىپ داپ كىيىمەن، — دەپتۇ مايمۇن.
— بۇ نەدىكى ئادەمنىڭ پۇرىغى بولسۇن؟ بۇ ئۈزىمىز
سىرتتىن بىرگە ئېلىپ كىرگەن پۇراق، — دەپتۇ ئېيىق.
— بۈگۈن كىم تويمىدى؟ — دەپتۇ يولۋاس.
— مەن تويمۇدۇم، — دەپتۇ شىر.
— مەن چالا تويدۇم، — دەپتۇ ئېيىق.
— مېنىڭمۇ قوسىغىم يېرىمراق تۇرىدۇ، يەنە بىر ئاز نەر-
سە بولسىدى، — دەپتۇ مايمۇن.

يولۋاس ئانارنىڭ تۈۋىنى كولاپ كۆمۈش ساپلىق، پولات
بىسلىق بىر خەنجەرنى ئاپتۇ. يولۋاس ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى قېتىم شىلتىپ:

— بۇ كۆمۈش ساپلىق، پولات بىسلىق خەنجەر، بۇنى ئىككىلا شىلتىپ قويساق تۈرلۈك نازۇ - نىمەتلەر ھازىر بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھەش - پەش دىگۈچە بىر ئالتۇن قاچا پەيدا بوپتۇ، قاچىدا تۈرلۈك نازۇ - نىمەتلەر بار ئىكەن. ھايۋانلار تاماققا تويۇپتۇ. ئاندىن خەنجەرنى ئانارنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپ ئۇخلاشقا يېتىپتۇ.

خوراز بىر چىللىغاندا يولۋاس چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن شىر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بۆرى، ئېيىق، مايمۇن چىقىپ كېتىپتۇ.

توختى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «بۇ خاسىيەتلىك خەنجەرنى قولغا چۈشۈرسەملا تاماقتىن قىسىلمايدىكەنمەن، باينىڭ قونىغىنى تۆلىيەلەيدىكەنمەن، خۇدا بەرگەن دىگەن شۇ» دەپتۇ - دە، ئانارنىڭ ئارىسىدىن ئاستا چىقىپ خەنجەرنى ئېلىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ - دە، خەنجەرنى ئىككىلا شىلتىپ: «كۆمۈش ساپلىق، پولات بىسلىق خەنجەر، دەرھال ئىششەك قوناق ھازىر قىل» دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىششەك قوناق ھازىر بوپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا خەنجەرنى ياخشى ساقلاپ قويۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى قوناقنى ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

باي قوناقنى كۆرۈپتۇ - دە، تەرىنى تۈرۈپ:

— قونىغىڭ ئۇنىمسە بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپتۇ. توختى يالغان ئېيتىشنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا بايغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ياندۇرقى يىلى باي خىزمەتچىسىگە بىر دانە قوناق تېرىپ ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشنى تاپىلاپتۇ. بۇ قو-

ناقمۇ توختى تېرىغان قوناققا ئوخشاش ئوخشاپتۇ. قوناق پىشىشقا ئاز قالغاندا قاغا كېلىپ قوناقنىڭ بېشىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. باي قوغلاپتۇ. ھەلىقى غارغا بارغاندا كەچ بوپتۇ. باي غارغا كىرىپ يېتىپتۇ.

ياۋايى ھايۋانلار كۈمۈش ساپلىق، پولات بىسلىق خەنجەر يوقالغاندىن كېيىن غارنى يالغۇز تاشلاپ چىقمايدىغان، چىقىشقا توغرا كەلسە بىرى قاراۋۇللۇق قىلىدىغان بولغان ئىكەن، بۇ كۈنى نۆۋەت يولۋاسقا كەلگەن ئىكەن، ئۇ باينى كۆرۈپ دەھ- شەتلىك ھۆكىرەپ بايغا ھۇجۇم قىپتۇ. باي قورقۇپ كەتكىنىدىن شۇ جايدىلا جان بېرىپتۇ. باينىڭ تويماس كۆزى ئۆلگەنىدىن كېيىن تويۇپتۇ. توختى ئەر - خوتۇن خاتىرجەم ياشاپ ئۆمرى- نىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تونىساگۈل ياسىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورىسى

## ئىككىدىن تۇخۇم

ئۆتكەن زاماندا جەرۇللا بىلەن خەيرۇللا دېگەن ئىككى يىگىت بىر باينىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇلار كۈندۈزى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلسا، كېچىسى ئېغىلدا مال بىلەن بىرگە ياتىدىكەن.

جەرۇللا بىلەن خەيرۇللا ئەتىدىن كەچكىچە ئارام ئالماي ئىشلەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ باينىڭ خوتۇنى رازى ئەمەس ئىكەن. ئۇ جەرۇللا بىلەن خەيرۇللانى ئالداپ - سالداپ كۆپرەك ئىشلىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باينىڭ خوتۇنى ئېغىلغا كىرىپ، جەرۇللانى ئويغىتىپتۇ - دە:

— جەرۇللا چاققان تۇر، ئۆيگە كىر، مېنىڭ ساڭا سۆزۈم بار، — دەپتۇ.

جەرۇللا ئويغىنىپتۇ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ باينىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى پىشۇرۇلغان ئىككى تۇخۇمنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

— سەن نەچچە كۈندىن بېرى ھاردىڭ، چارچىدىڭ. بۇنى چاققان يەپ، تېزرەك ئىشقا ماڭ. ھە راست. بۇ سىرنى خەيرۇللاغا ئېيتما! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەرۇللا تاڭ ئاتماستىن ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئېتىزغا بېرىپ، قوناق چاناشقا مەجبۇر بوپتۇ.

بايىڭ خوتۇنى يەنە ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ، ئېغىلغا كى-

رىپ خەيرۇللانى ئويغىتىپ:

— جەرۇللا ئىشقا كەتتى، سەن ياتامسەن؟ — دەپتۇ ۋە ئۇنىمۇ شۇ تەقلىتتە ئىشقا كۆندۈرۈپتۇ.

— شۇندىن باشلاپ ئۇلار بايغا ئەنە شۇنداق ئىشلەۋېرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر كۈنى تۇخۇم يەۋاتقانلىقىنى سىر قىلىپ يۈرۈشۈپتۇ. بىر يىلمۇ ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى جەرۇللا خەيرۇللاغا:

— خوجايىنىنىڭ خوتۇنى بىزگە يامان قىلمىدى جۇمۇ، جاپا تارتساقمۇ كۈندە ئىككىدىن تۇخۇم بېرىپ تۇردى، بۇ نېمە دېگەن ياخشىلىق؟ — دەپتۇ. خەيرۇللا بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە:

— ئۇ ساڭىمۇ ئىككى تۇخۇم بېرىپ تۇرغانمىدى؟ قارا بۇنى! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇلار ئىشنىڭ تەگىنى ئۇقۇپتۇ.

ئەتىسى باينىڭ خوتۇنى جەرۇللا بىلەن خەيرۇللانىڭ ھېسساپ، كىتاۋىنى قىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەر - بىرىدىن ئوتتۇز بەش جىڭدىن بۇغداي تۇتۇۋېلىپ: «بۇنى تۇخۇم پۇلى ئۈچۈن تۇتۇۋالدىم» دەپتۇ.

بۇنىڭغا ئۇلار ناھايىتى خاپا بولۇشۇپتۇ.

ئىجىس خوتۇنىنىڭ قورغان قاپقىنىغا چۈشكەنلىكىگە بەكمۇ ئېچىنىپتۇ ۋە ئاخىرى مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

باينىڭ خوتۇنى،
زەھەردۇر دىلى،
بىزنى ئالدىدى،
جادىگەر قېرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۇسا ئەيسا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ساۋۇت بىلەن ساھىپجامال

بۇرۇنقى زاماندا ساۋۇت ئاتلىق بىر كەمبەغەل يىگىت بىلەن ساھىپجامال ئاتلىق بىر قىز ئۆتكەن ئىكەن. ساھىپجامال پادىشانىڭ قىزى ئىكەن. ساۋۇت نەققاش، ساھىپجامال رەسسام ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ساۋۇت نەقىش ئويۇلغان قاش تېشىدىن بىرقانچىنى تەييار قىپتۇ - دە، ئۇنى ساتماق بولۇپ شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىسا شەھەر دەرۋازىسىدا بىر قىزنىڭ سىزما سۈرىتى تۇرغۇدەك. ساۋۇت قاراپ ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ پۈت قولىدا جان قالماپتۇ.

شۇ ئارىدا پادىشا ئوردىسىدىن بىر كېنىزەك چىقىپتۇ - دە، ساۋۇتنىڭ قاشتېشى ئويمىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

— چاغلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ساۋۇت.

قىز بەش تىللا بېرىپ قاشتېشى ئويمىلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ساۋۇتنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. ساۋۇت ئوردىغا كىرىپ ساھىپجامالنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپتۇ. ساھىپجامال ساۋۇتقا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ساۋۇتمۇ ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى خوشنا دۆلەت خاقانى نەبىدىن ئاڭلايمىز:

نەبى خاقاننىڭ قىرىق خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار ھۆسنى لاتا-

پەتتە ھېچكىمدىن قېلىشمايدىكەن. ئەمما خاقان يەنە بىر قىز ئې-
لىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. يۇقىرىلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بۇ
شۆھرەتپەرەس خاقانغا ساھىپجامالنىڭ نام - شەرىپى ئاڭلىنىپتۇ.
ئۇ كۆرمەي تۇرۇپ ساھىپجامالغا ئاشىق بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نەبى خاقان ساھىپجامال قىزنىڭ
ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن پادىشا — ساھىپجامالنىڭ
ئاتىسى ئىختىيارنى قىزىغا قويۇپتۇ. ساھىپجامال نەبى خاقانغا
خوتۇن بولۇشقا كۆنمەپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن نەبى
خاقان لەشكەر تارتىپ شەھەر بوسۇغىسىغا كەپتۇ.

قىز دۆلەت ۋە خەلققە بالايى - ئاپەت كەلتۈرمەسلىك، سا-
ۋۇت بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشى-
شى ئۈچۈن ساۋۇت بىلەن نەبى خاقاننى چاقىرىپ ئۇلارغا:

— ئىككىڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۆنۈلۈشى بىر - بىرى-
گە تامامەن قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى ئۆستەڭ قېزىڭلار!
قازغان ئۆستەڭ تۆت ياشلىق ناز تۆگىنى ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان
بولسۇن. قايسىڭلار مۇشۇنداق ئۆستەڭنى بالدۇر تەييار قىلساڭلار
شۇنىڭ تەلىۋىنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن نەبى خاقان شەھەرنىڭ غەربىدىن شەرقىغە،
ساۋۇت شەھەرنىڭ شەرقىدىن غەربىگە ئۆستەڭ قېزىشقا
چۈشۈپتۇ.

ساۋۇت مىڭبىر جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئۆستەڭنى قېزىپ
سۇ باشلاپتۇ. تۆت ياشلىق بىر نار تۆگىنى سۇغا سالغان ئىكەن،
سۇ تۆگىنى ئېقىتالماپتۇ. ساۋۇت تازا تەڭلىكتە قالغان چاغدا
ساھىپجامال كېلىپ:

— ساۋۇت سەن كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆستەڭ
قازدىڭ، ئەمما، بىلگىنىڭكى تۆگە ئۆستەڭ سۈيىدە ئەمەس، بىر
دەريانىڭ سۈيىدىمۇ ئاقمايدۇ. شۇڭا سەن بۇ تۆگىنى تۇلۇمچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سويۇپ ئىچىگە سامان تىق، ئاندىن ماڭا ئۇستىڭنى تاماشا قىلىش توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈز، — دەپتۇ.

ساۋۇتنىڭ ئۇستىڭنى قىزىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تېزلىك بىلەن نەبى خاقاننىڭ قۇلىغىغا يېتىپتۇ. ئۇ غەزەپكە كەپتۇ - دە، ساۋۇتنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئىرىپ تاشلاپ ساھىپجامالنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر جادىگەر كەمپىر كېلىپ نەبى خاقانغا:

— ئەي خاقان، سەن لەشكەر كۈچى بىلەن ساھىپجامالنى تارتىۋالماقچى بولساڭ، ئەبىدىل - ئەبەت «ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان نامەرت» دىگەن نامغا قېلىشتىن ئۇيالمامسەن؟ ئۇنىڭ چارىسىنى مەندىن سورا! - دەپتۇ.

بۇ گەپ نەبى خاقاننىڭ كۆڭلىگە بەك يېقىپتۇ. ئۇ خوشاللىقىدىن جادىگەر كەمپىرگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ.

جادىگەر كەمپىر ساۋۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچىنغان قىياپەتتە ئۇھ تارتىپ يىغلاپتۇ. ساۋۇتنىڭ موماي‌غا ئىچى ئاغرىپتۇ، ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ:

— ئەي بالام، سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭغا ئىچىنىپ ئاھ ئۇرۇۋاتىمەن، ساھىپجامال نەبى خاقاننىڭ قۇچىقىدا يايراۋاتسا، سەن بۇ يەردە ئۇستەڭ چېپىۋاتقىنىڭ نىمىسى؟ دەپتۇ ۋە ئاھ - ۋاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ.

جادىگەر كەمپىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ساۋۇت شۇنداق غەزەپلىنىپتۇكى، بېشىنى تاشقا بىر ئۇرۇپتىكەن، بېشى يېرىلىپ جان ئۈزۈپتۇ.

ساھىپجامال ئۆزىنىڭ ۋاپادار يارىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ نالە - پەرياد قىلىپ ساۋۇتنىڭ ئۆلگىنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ئى ۋاپادارىم، غەمگۇزارىم، مېنى دەپ شۇنچە ئازاپلار-
لى چەكتىڭ، ئاخىر زالىم نەبى خاقانىڭ ئالدامچىلىغى بىلەن
ھەسرەت ئىچىدە جان ئۈزدۈڭ. ئەمدى بۇ زالىم مۇشۇ پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ھەر-
گىزمۇ ئۇنى راۋا كۆرمەيمەن. ئۆز ئەقىدەمگە خىلاپلىق قىلماي-
مەن! ئەمدى بۇ دۇنيادا روھىمىز بولسىمۇ تېپىشسۇن! — دەپ-
تۇ - دە، يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ، ئۆزىنى ساۋۇتىنىڭ
ئۈستىگە تاشلاپتۇ.

ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ قەۋرىسىدە گۈل ئېچىلىپ تۇرغۇدەكمىش.
بۇلبۇللار قوشاق قېتىپ نەزمە قىزىپتارمىش:

بېشىدىن دەرت كەتمىگەن،
راھەت باغاش ئەتمىگەن،
ۋىسالىغا يەتمىگەن،
ئاشىق - مەشۇق قايدىسەن؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇنىساگۈل ياسىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئوۋچى ۋە ئۈندەك بالىسى

ئۆتكەن زاماندا، بىر چاڭگالدا بىر ئوۋچى ياشايدىكەن. ئۇ ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئاتقان ئوقى تەگمەي قالمايدىكەن. ئوۋچى ھەر قېتىم ئوۋغا چىققىنىدا يالغۇز ئوغلى ئەخمەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدىكەن. بوش ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭغا ئوۋچىلىق ماھارىتىنى ئۆگىتىدىكەن. ئەمما ئەخمەت ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايدىكەن. دائىم جان - جانىۋارلارنىڭ سايراشلىرىنى، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى دورايدىكەن.

يىللار ئۆتۈپ بوۋايمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاتىسىنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى ئەخمەت بىر يىلغا قالماي يېيىپ بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەخمەت ئىشىك ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر خوشنىسى ئۇنىڭغا:

— ئۇكام، بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن رەھمەتلىك دادامنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇردۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەخمەت خوشنىسىغا.

— داداڭنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ بىرئاز كۆزۈڭ پىشىپ قالغان بولغىيتى، ھەر نېمە بولسا داداڭنىڭ مىلتىغىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپ باققىن. «ھەركەتتە بەرىكەت» دىگەن گەپ بار، — دەپتۇ خوشنىسى.

كۆز كېتىپ قىش كەپتۇ، ئەخمەت ئۇۋ مىلتىغىنى ئېلىپ

ئۇۋغا چىقىپتۇ، جاڭگالنى كەچكىچە ئايلانغان بولسىمۇ ھېچنەرسە
ئۇچرىتالماپتۇ، ئاخىر ئۇ: «بىرەر بۇغا ـ مارالنى دورىسام ئۇلار-
دىن بىرەرسى چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.» دەپ ئويلاپتۇ ـ
دە. ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇغىنى دوراپتۇ،
لېكىن بۇغا چىقماپتۇ. بۇ ئاۋازنى بۆرە ئاڭلاپ «ئەمدى مەن را-
سا تويۇنىدىغان بولدۇم» دەپتۇ ـ دە. يۈگۈرگەن پېتى ئەخمەت-
نىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئەخمەت قورقۇپ، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن
مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىر بۆرىنى قاچۇرماق-
چى بولۇپ. يولۋاسنى دوراپتۇ. ئەپسۇسكى يولۋاس چىقىپ ئەخ-
مەتنى يەپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياسىن ئابدۇللا.

## باي ۋە مالچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ ھېساپسىز يەر - زې-
مىن ۋە نۇرغۇن چارۋىسى بار ئىكەن. ئەمما تولىمۇ زالىم ۋە
ئاچكۆز ئىكەن. ئۇنىڭدىن كىشىلەر بەكمۇ بىزار ئىكەن، ئۇنىڭ
چارۋىلىرىنى بېقىشقا يۇرتتىن بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. كۈنلەردىن
بىر كۈنى باي بىر پەنت ئويلاپ تېپىپتۇ، ئۇ لېۋىنى چىشلەپ،
پۈتۈن يۇرتقا نەزىر بېرىپ، جامائەت يىغىلغان سورۇندا: «كىمكى
مېنىڭ چارۋىلىرىمنى بېقىپ بەرسە ئىككى كىشىلىك ھەق بېرى-
مەن» دەپ جاكالاپتۇ.

بۇ يۇرتتا بىر تۇل خوتۇن بولۇپ ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار
ئىكەن، ئوغۇل زېرەك ۋە ئەقىللىق، ئاقكۆڭۈل، مېھرىۋان ئىكەن.
ئۇ ئاچكۆز باينى بىر باپلاش نىيىتىگە كەپتۇ، ئوغلىنىڭ نىيىتى-
نى چۈشەنمىگەن ئانا:

— بالام، بۆرىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىش بىز ئۇچۇن نو-
مۇس، ئاچلىقتا ئۆلۈپ قالساقمۇ سەن ئۇ يەرگە بارما، — دەپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ يىگىت، — سەن مېنى چۈشەنمەيۋاتى-
سەن، رەسەتلىك دادام شۇ زالىمنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن،
سەن ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بىلىپ قوي، مەن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى
ئالىمەن.

يىگىت ئانىسىدىن دۇئا - پاتىھە ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە بې-
رىپتۇ. توختام بويىچە باي بۇنىڭغا ئىككى يۈز قوي تۇتقۇزۇپتۇ.

باهار كېتىپ ياز كەپتۇ. باي پادىچى يىگىتنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر تېپىشقا، تىرناقتىن كىر ئىزدىشكە كىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى پادىلار يانغان چاغدا، قويلار هويلىدا مەرىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاچكۆز باي هويلىغا چىقىپتۇ ۋە پادىچى يىگىتكە:

— هەي تۇز كور هارامى، يېگەن نېنىڭغا چۇشلۇق ئىش قىلساڭچۇ، نېمىشقا قويلارنى تويغۇزمىدىڭ؟ — دەپ ۋاقىراپ ئۇنى ساۋىداشقا باشلاپتۇ. پادىچى يىگىت ئۇشۇق گەپ قىلماپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن باي يەنە:

— سەن هازىر تاققا چىقىپ باغلاپ باققان بوداقلارنى ئېلىپ چۈش، تاڭ ئاتقىچە كېلىپ قويلارغا ياخشى قارا، بىرەرتىسى يوقاپ كەتسە كۆرگۈلۈگۈڭنى كۆرىسەن! — دەپتۇ.

پادىچى يىگىت ئاچكۆز باينىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىغىنى بىلىپتۇ - دە، تاققا چىقماي قوتاننىڭ ئىشىگىگە باغلاپ قويغان تۆت ئىتنى قويۇپ بېرىپ، ئىشىك ئالدىغا تۆمۈر قاپقان قۇرۇپ قويۇپ، قوتاننىڭ ئۆگزىسىدە مارىلاپ يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئاچكۆز باي قوتاندىكى قويلاردىن بىرنەچچىنى يوشۇرۇپ قويۇپ پادىچىنى قاپقانغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قوتانغا كىرمەكچى بولغان ئىكەن ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى قاپقانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ «ۋاي» دېيىشىگە تۆت ئىت كېلىپ تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. خۇشال بولغان پادىچى يىگىت توقۇپ تەييارلاپ قويغان ئاتنى مىنىپتۇ - دە، راسا چېپىپ يېزىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئات قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. تاڭ ئاتقان چاغدا ئۇ ئۇزۇن يول ماڭغان قىياپەتتە هېچنىمىنى بىلمىگەن بولۇپ هويلىغا كىرىپتۇ. هويلىدا يۇرت جامائەتنىڭ هەممىسى بار ئىكەن، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ جامائەتكە سالام قىپتۇ. جامائەت بىر بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇندىن كېيىن يۇرتتىكىلەر زالىم بايدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم يا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شايدىغان بولۇپتۇ.

«ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈش» دىگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يىڭىسار چولپان گۆكچى
٥- دادۈيدىن باسىت ئاخۇن.

## باۋۇدۇننىڭ يول مېڭىشى

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە يول ماڭسا هامان ئىتتىكمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس، خۇددى يەر ئۆلچىگەنىدەك بىر خىل ماڭىدىغان باۋۇدۇن دېگەن بىر ئادەم بولغان ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئەنە شۇنداق مېڭىپ كېلىۋاتقاندا، تويۇقسىز شاقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يول چېتىدىكى ئۆي پەشايۋىنىنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. بەزىلىرى ئۇچقاندەك يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ. باۋۇدۇن يەنىلا غەم تارتماي مېڭىۋېرىپتۇ. يولۇچىلاردىن بىرى:

— بۇرادەر سەن نىمىشقا ئىلدام ماڭمايسەن؟ — دەپ سورىغان ئىكەن ئۇ:

— ئالدى تەرەپتىمۇ يامغۇر يېغىۋاتقان تۇرسا، تېز ماڭغىنىمنىڭ نىمە پايدىسى؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

باۋۇدۇن پەرۋاسىزلىق بىلەن بىر خىل مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، پاتقاققا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بىر يىگىت ئالدىغا كېلىپ:

— يول چېتىدىكى چۆپلۈكتە ماڭسىڭىز تېيىلمايتتىڭىز، — دېگەن ئىكەن، ئۇ پىسەنت قىلماپتۇ. بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يەنە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۆمۈلەپ قوپۇپ ماڭاي دەۋاتسا يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. باۋۇدۇن: «مانا ئەمسە» دەپ ئورنىدىن قوپماي يېتىپتۇ. ۋە ئاچچىغى بىلەن:

«ئەمدى قوپمايمەن، نوچى بولساڭ يەنە يىقىتىپ باق!» دەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: موسا ئەيسا.

# خاسىيەتلىك بۇلاق

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. ئەنە شۇ زامانلاردا، ئاقباش تاغنىڭ باغرىدا ئاجايىپ - غارايىپ قىزىقارلىق ئىشلار بولغان ئىكەن. بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە چاچلىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، يۈز ياشتىن ئاشقان بىر جۈپ ئەمگەكچان بوۋاي - موماي ياشىغان ئىكەن. بوۋاينىڭ ئىسمى سەلەي، مومايىنىڭ ئىسمى سەئىدە ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىگىگە تايىنىپ هالال ئەمگىكى بىلەن ياشايدىكەن، بىر - بىرىنى ئىنتايىن قەدىرلىشىدىكەن. بىراق، بىرمۇ بالىسى بولمىغاچقا، كۆڭۈللىرى يېرىم ئىكەن. ئۇلار باشلىرىدىكى ئاپپاق چاچلىرىغا، يۈزلىرىدىكى قورۇقلىرىغا قاراپ، تەبىئەتنىڭ بۇنداق قانۇنىيىتىگە ئۆزلىرىچە نارازى بولۇپ، ئۆلمەي ياشاشنىڭ، ياشىغانچە ياشىرىپ تۇرۇشنىڭ خىياللىرىنى سۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى چۈشتە، بوۋاي ئىشىك ئالدىدىكى كاۋا بارىگى ئاستىدا ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە بىر ئاجايىپ قۇش كۆرۈپتۇ. قۇش بوۋاينىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ، بوۋاي بولسا قۇشقا هەۋەسلىنىپ، قۇشنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا هاۋاسى ئىنتايىن ساپ، چىرايلىق بىر چىمەنلىككە بېرىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تۆت ئەتراپى ياپ - يېشىل، بۈك - باراقسان، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، سۈپ - سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، هەر خىل

قۇشلار سايراپ تۇرغان، جانىۋارلار ئەركىن سەكرەپ يۈرگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن بوۋاي: «پاھ، پاھ، نىمە دېگەن گۈزەل چىمەنزار بۇ، جەننەت دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس» دەپ ئويلاپتۇ. بوۋاي ئالدىغا ماڭغانچە دىمىغىغا ئىپار - زەپەرنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئۇرۇلۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا مېھرىگىيالار بولۇق ئۆسكەن بىر جايدا ئاجايىپ بىر ئىسسىق بۇلاق پارقىراپ تۇرغۇدەك. ھېلىقى قۇش بۇلاق ئۈستىدە بىر پەس شوخ سايراپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، يەرگە قونۇپتۇ، بىر سىلكىنىپلا گۈزەل پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ ۋە بوۋايغا:

— بوۋا، بۇ خاسىيەتلىك بۇلاق، بۇلاق سۈيىنى ئۈچ قېتىم ئىچسىلە مەقسەتلىرى ئىجاۋەت بولىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي خوشاللىقىدا پەرى قىزغا رەھمەت ئوقۇپ، بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئەمدىلا ئاغزىغا ئاپارغان ئىكەن، موماينىڭ:

— قويسىلا، قويسىلا، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە «تاتلىق چۈشۈمنى بۇزدۇڭ» دەپ مومايغا كايىپتۇ-دە، پالتا، ئاغامچىلىرىنى ئېلىپ، ئوتۇن كەسكىلى تاققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ھەيۋەتلىك ئاقباش تاغ بۇ كۈنى بوۋاينىڭ كۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى كۆركەم ۋە گۈزەل كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يول بويى بايا كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، تاغنىڭ ئىچىگە خېلىلا كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ. بوۋاي تۇيۇقسىز بىر قۇشنىڭ غەلىتى سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەرگەن ئىكەن، بىر قۇش موللاقلاپ ئۇچۇپ كېلىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇ تاجىلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان، پەيلىرى توزنىڭكىدىنمۇ رەڭدار، قۇيرۇق پەيلىرى ئۈچ - تۆت غۇلاچ كېلىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر قۇش ئىكەن. ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق - يا ئوقى سانجىلىق بولۇپ، قان توختىماي ئېقىپ تۇرغۇدەك. بوۋاي دەرھال ئوقنى سۇغۇرۇ-

ۋىتىپ، بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئالقىنىغا ئېلىپ مىجىپ، سۈيىنى قۇشنىڭ يارىلانغان پۇتىغا تېمىتىپتۇ، پوتىسىنى يىرتىپ تېڭىپ قويۇپتۇ. قۇش ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ ئەكسىگە كەپتۇ ۋە قاناتلىرىنى كېرىپ ھاۋاغا كۆتىرىلىپتۇ - دە، بوۋاينىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ، شوخ ۋە يېقىملىق سايراپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يەرگە قونۇپلا ئاجايىپ چىرايلىق پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ. بوۋايغا سالام بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسسالام ئاقكۆڭۈل بوۋا. سىلى ماڭا ياخشىلىق قىلدىلا، ئەمدى مەنمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرماقچىمەن. قانداق مەقسەتلىرى بولسا ئېيتسىلا، ياردەمگە مەن تەييار، — دەپتۇ.

بوۋاي گاڭگىراپ ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

«ئوڭۇممۇ — چۈشۈممۇ» دەپ بېشىنى سىلكىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەر ئاستىدىن قىزغا نەزەر سېپتۇ. قۇندۇزدەك قاپ - قارا چاچلىق، ئوق - يانىڭ يايىسىدەك ئەگمە قاشلىق، خۇما كۆزلۈك، ئانار يۈزلۈك، زىبا بويلۇق، ئاي دىسە ئاغزى، كۈن دىسە كۆزى بار بۇ قىز چۈشىدە كۆرگەن پەرىنىڭ ئۆزى ئىكەن. بوۋاي ھەيران بولۇپ ئويلىنىپتۇ، ئاخىرى ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئۈستەكلىرىنى بايان قىپتۇ:

— ئەي پەرى قىز، مۇشۇ ئاپپاق ساقىلىمنى يوقىتىپ، مۆكچەيگەن بەللىرىمنى تۈزلەشنىڭ ئامالى بارمىدۇ؟

بوۋاينىڭ دىمەكچى بولغان گېپىنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن پەرى قىز، كۈن چىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە بار، بوۋا، ئەنە قارىسىلا، ئاشۇ ئاقباش تاغنىڭ مۇزلۇق چوققىسىدىن ئۆتسىلە ئاجايىپ سېھىرلىك گۈزەل ماكان بار. ئەنە شۇ ماكاندا بىر خاسىيەتلىك بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ ياشارتىش خاسىيىتى بار. ئەمما، ئۇ ماكانغا بارىدىغان يول تولىمۇ مۈشكۈل. مۇز داۋانلار تىك ۋە خەتەرلىك. توسقۇن-

لارنى بۆسۈپ. مەقسەتكە يېتىش نىيەتلىرى بولسا، مەن ھەر ئىش لىرىدا يار - يۆلەك بولىمەن. باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە بۇنى كۆيدۈرسىلە شۇ ھامان يانلىرىدا پەيدا بولىمەن، — دەپ، قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلىك ئۈچ تال پەيىنى بوۋايغا بېرىپتۇ - دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ قۇشقا ئايلىنىپتۇ ۋە بوۋاينىڭ بېشىدىن ئەگىپ. قىلىن ئورمانلىق تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

بوۋاي ئۆيىگە ناھايىتى كەچ قايتىپتۇ ۋە مومايغا ئاجايىپ بىر قۇش كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەرى قىزغا ئايلانغانلىقىنى، تاغدا خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ بارلىقىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ ئادەمنى ياشارتىدىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئالاھەت خۇشال بوپتۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ خاسىيەتلىك بۇلاققا بېرىشقا تەييارلىق قىلىپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈندە بوۋاي موماي بىلەن خوشلىشىپ، ئاقباش تاققا قاراپ يول ئاپتۇ.

بوۋاي يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر قىلىن ئورمانلىققا كەلگەندە يول تېپىلماپتۇ، سول يۈرۈپتۇ بولماپتۇ، ئوڭ يۈرۈپتۇ بولماپتۇ. ئودۇل يۈرۈپتۇ بولماپتۇ ئودۇل يۈرۈشكە ئامال بولماي، كەينىگە قايتىشقا كۆڭلى قىيماي، چارە - تەدبىرنىڭ يوقىدا بىرئاز ئارام ئالغاچ قۇساق تويغۇزاي دەپ ئولتۇرۇپ خالتىسىغا قولىنى سالغان ئىكەن. قولىغا ھېلىقى پەرى قىز بەرگەن قىزىل پەي چىقىپتۇ. بوۋاي: «توختا. بېشىمغا غەم چۈشتى، بىر كۆيدۈرۈپ باقمايمۇ؟» دەپ پەيىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن، ئىسسىق بىر شامال چىقىپ، شۇ ھامان ئالدىدا ھېلىقى قۇش پەيدا بولۇپ:

— ئەسسالام بوۋا. باشلىرىغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ.

— قىلىن ئورمانلىق يولۇمنى توسىدى. يول تاپالماي، بېشىمنىڭ ئىچى - تېشى قاتتى، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا مەشئەل ياساپ، ئوت يېقىپ قويىرۇغۇمغا

باغلاپ قويسىلا، مەن يول باشلاي، — دەپتۇ قۇش. بوۋاي مەشئەل ياساپ قۇشنىڭ قۇيرۇغىغا باغلاپ ئوت يېقىپتۇ. قۇش چاقماق تېزلىكىدە ئورمانلىق ئۈستىدە ئۇچۇپتۇ. قۇيرۇغىدىكى ئوت دەرەخلەرگە تۇتىشىپ، تۈز كەتكەن ئوت دەرياسى ھاسىل بولۇپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە تۈپ - تۈز بىر يول ئېچىلىپتۇ.

بوۋاي يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ماڭا - ماڭا قۇرغۇنچىلىق بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. تۆت ئەتراپتىن يولۋاس، شىر، يىلپىز، بۆرى، يىلان، چايان... لار چىققىلى باشلاپتۇ. بوۋاينىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ. قورققىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ، پۇت - قولىغا تىترەك ئولىشىپتۇ. ئۇ: «ئەمدى بۇ يىرتقۇچلارغا يەم بولىدىغان بولدۇم، كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ قولىدىكى خالتىسى بىلەن يۈزىنى توسىغان ئىكەن، يۈزىگە پەي ئۇرۇلۇپتۇ، دەرھال پەينى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتۇ. ئىسسىق شامال چىقىپ قۇش پەيدا بوپتۇ. بوۋاينى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇچۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر مۇز داۋاننىڭ باغرىدىكى خاتىرجەم جايغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

بوۋاي مۇز داۋانغا چىقىپ، ئانچە كۆپ يول يۈرمەيلا شىددەتلىك شۇۋىرغان چىقىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسا، نەچچە قەدەم كەينىگە داجىپ، ئاخىر كۆزىنى ئاچالماي، بىر تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەختىگە يارىشا تاغنىڭ بەل ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېرى دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قاپتۇ. بوۋاي «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، بۇ تىك ياردىن قانداق چىققىلى بولسۇن» دەپ بېشىنى كۆتىرىپ يۇقۇرىغا قاراپتۇ. ئۇ دەرەخنىڭ كىچىك بىر شېخىغا ئىلىنىپ قالغان خالتىسىنى ۋە خالتىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان پەينى كۆرۈپ قاپتۇ. بوۋاي مىڭ تەستە پەينى قولىغا ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ، يەنە ئىسسىق شامال غۇرۇلداپ، قۇش تىك يار ئىچىدە پەيدا بوپتۇ - دە، بوۋاينى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ تىك ياردىن چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاي مۇز داۋاندىن ئېشىپ، تۆۋەنگە نەزەر سالغان ئىكەن، ئاجايىپ سېھىرلىك بىر ماكان كۆرۈنۈپتۇ. تاغلار چاقناپ، نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. باغلاردا مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇدەك. بىر بىرىدىن چىرايلىق قۇشلار شوخ سايرىشىپ، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرگىدەك. بۇغا، مارال، كىيىكلەر ياپ - يېشىل چىمەنلىكتە بەھوزۇر ئويناقلاپ يۈرگىدەك. بوۋاي چىمەنلىك يولنى بويلاپ رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنى تاماشا قىلىپ ئالغا يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇدۇلغا قارىغۇدەك بولسا، مېھرگىيالار ھۆپپىدە ئۈسكەن بۇلاق بويىدا ھىلىقى پەرى قىز ئولتۇرغۇدەك. پەرى قىز بوۋاينى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت — ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— بوۋا، جاپا چەكتىلە، ئىرادىلىرىگە قايىلمەن، — دەپتۇ.

— جاپا چەكمەي، ھالاۋەت يوق، مەقسەتكە ئىرادە بولمىسا يەتكىلى بولماس، — دەپتۇ بوۋاي.

— قېنى بوۋا، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىدىن ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسىلا، — دەپتۇ پەرى قىز.

— كالپۇكلىرىم يېرىلىپ، ئىچىم قۇرۇپ كەتتى، نىمە ئۈچۈن قانغىچە ئىچسىلە دىمەي، ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسىلا دەيسىز؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— بۇ خاسىيەتلىك بۇلاق، بۇنىڭ سۈيىنى ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسا كۇپايە، جىق ئىچىۋەتسە بوۋاققا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ پەرى قىز.

— پەرى قىز، ئېغىر كۆرمەي بۇلاق سۈيىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— بولىدۇ، بۇ يەردىكى مېۋە - چېۋىلەر ۋە ئوت - ياشلارنىڭ شىرنىسى ھەر كۈنى بۇلاققا قوشۇلىدۇ. شۇڭا بۇلاق سۈيى

ئاجايىپ قۇۋۋەتلىك. بۇلاق سۇيى ئادەمنى ياشارتىپلا قالماي، ھەر
قانداق كېسەلگە شىپا بولالايدۇ، ساق كىشىلەر ئىچسە ئەسلا
كېسەل بولمايدۇ. — دەپتۇ پەرى قىز.
بوۋاي پەري قىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. بۇلاق سۇيىـ
نى ئۈچ ئوچۇم ئوتلاپ، بۇلاق بويىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا
تويغۇلىغاندەك بولۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، ئۆزىنى ئاجايىپ
يەڭگىل ھىس قىلىپتۇ. ئىڭىكىنى سىلىسا ساقال - بۇرۇتلىرى
يوقىمىش. بۇلاق سۇيىگە قاراپ ئۆزىنىڭ قەددى - قامىتى كېـ
لىشكەن بىر يىگىت بولۇپ قالغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. خۇشاللىغىدىن
قىن - قىنىغا پاتماي، پەرى قىزغا قايتا - قايتا رەھمەتلەر
ئوقۇپتۇ. پەرى قىز يىگىرمە ياشلاردىكى بېجىرىم يىگىتكە ئايلانـ
غان بوۋايغا:
— ھەي يىگىت، مەن بىلەن مۇشۇ ماكاندا بىرگە ياشىنى
خالامسىز؟ — دەپتۇ. گەرچە پەرى قىز ئاي دىسە ئاغزى، كۈن
دىسە كۆزى بار، جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈلپەرى بولسىمۇ
ھەمدە ئۆزىگە ئېيىپ تۈگەتكۈسىز ياخشىلىقلار قىلغان بولسىمۇ،
«بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دىگەندەك بوۋاينىڭ
ئۈنى خوتۇنى سەنىدەگە، بۇ جەننەت كەبى ماكانىنى ئۆزىنىڭ
تاغ باغرىدىكى كاۋا بارىگىغا تەڭ قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ پەرى
قىزغا:
— ئەي، جاھاندا تەڭدىشى يوق جانان گۈلپەرى، ئەزىزـ
مەس بىر ياخشىلىغىم ئۈچۈن مېنى ئۇزۇن ياشاش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدىڭىز. سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ قېلىن ئورماندىن ئۆتۈـ
شۈم، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى،
سىزگە يۈرىگىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرـ
مەن. ئەمما سىزنىڭ تەلىۋىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى،
ئۆز ماكانىمدا ئۆمۈرلۈكۈم سەنىدە يولۇمغا تەلمۈرۈپ قالغان، —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپتۇ. پەرى قىز بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئالتۇندەك ساپ كۆڭۈللۈك بوۋايغا قايىل بولۇپ، بىر قاپاق خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ:

— بۇنى ئاشۇ ئۆمۈرلۈكىڭىزگە ئالغاچ بېرىڭ. ئۇمۇ ئۈچ يۈتۈم ئۇتلىسۇن، — دەپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ پەرى قىزغا يەنە كۆپ رەھمەتلەرنى ئوقۇپتۇ. بىر قاپاق خاسىيەتلىك سۇنى ئېلىپ ئۆز ماكانىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بوۋاي تاغدىن چۈشۈپ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، بىر باغلام ئوتۇن كەسلەپ، مورىسىگە ئارتىپ، ناخشىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. موماي قارىسا بىر ياش يىگىت ئۆيىگە كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك. ھەيران بولغان موماي:

— ھە يىگىت، سەن كىم بولىسەن؟ كىمنى ئىزلەپ كەلدىڭ! — دەپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن سەلەيجان، قەدىنىسىم سەيدىخاننى ئىزلەپ كەلدىم، — دەپتۇ. موماي ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، بۇنچىۋالا ئۆزگىرىشكە ھېچبىر چۈشەنمەي، «سەلەينىڭ ئوڭ قولىغى تۈۋىدە بىر خالى بار ئىدى، شۇ خالى بارمۇ - يوق» دەپ سەپ سىلاپتۇ. قارىسا خالىمۇ بار ئىكەن. موماي، سەلەي بىلەن ئۆيىدىن خوشلىشىش ئالدىدا دىيىشكەن سۆزلەرنى ئەسكە ئېلىپ سەلەيگە ئېيتىپتۇ، بۇ ياشىرىشنىڭ تېگىگە چۈشىنىپتۇ. مومايمۇ «خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ تىزرەك ياش قىز بولۇپ ساڭا جۈپ بولاي» دەپ قاپاقنى سەلەيدىن ئېلىۋاپتۇ. سەلەي ئۈچ يۈتۈمدىن ئوشۇق ئىچمەسلىكنى ئېيتىپتۇ. موماي قاپاقتىكى سۇدىن ئۈچ يۈتۈم ئۇتلاپتۇ ۋە ئېزىلىپ كۆزىگە ئۇيقۇ ئېلىشىپتۇ.

سەھەردە توخۇنىڭ چىللىشىدىن ئويغانغان سەئىدە ئۆزىنى ناھايىتى يەڭگىل ھېس قىلىپتۇ. يۈزلىرىنى سىلاپ، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك تارتىلغان قورۇقلارنىڭ يوقالغانلىغىنى، مۈكچەيگەن بەل

لىرىنىڭ نازۇك بەلگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ ئەركىن سوقۇپ، ئۆپكىسىنىڭ ساپ ھاۋادىن بەھۇزۇر نەپەسلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سەئىدە تاشقىرىغا چىقىپ، چاقپىلەكتەك چۆگىلەپ ئۇسۇل ئويناپتۇ، بەستىلىك يىگىتنى سەلىيىنى، كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى سەلەينىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ. سەلەي بىلەن سەئىدە بىر - بىرىگە تويۇشماي، ئېتىز - ئېرىق، قىرلاردا مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى ئېزھار قىلىشىپ، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەپ، بۇندىن كېيىنكى يېڭى ھاياتى ئۈستىدە قىزغىن مۇڭدىشىپ، يېڭىچە بىر ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ۋەقەسىنى ئىشتكەن يىراق - يېقىندىكى خولۇم - خوشنا، ئەل ئاغىنىلىرى تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلىشىپتۇ، ئاغرىقلار خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تېگىشىپ، ساقىيىپ، سەلەيدىن كۆپ مىننەتدار بولۇشۇپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ ۋەقە ناھايىتى تېزلا ئېغىزدىن — ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا، بۇ تۆشۈكتىن ئۇ تۆشۈككە، بۇ ماكاندىن ئۇ ماكانغا تاراپتۇ. «خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تەككەن ئادەم ئاغرىماس، ئۇلەر ھالدا ياتقان ئادەم بىر تامچىدا شىپا تېپىپ ھاياتىدىن ئايرىلماس، ئۈچ ئوتلام ئىچكەن قېرىلار ياش يىگىت بوپ قايرىلماس...» دىگەندەك سۆزلەر تارقىلىپتۇ.

خاسىيەتلىك بۇلاقتىن،
ياشلىق كېلەر، يارىمەي،
سەلەي بىلەن سەئىدە،
خەندان كۈلەر، يارىمەي.

دىگەندەك ناخشا - قوشاقلار توقۇلۇپ، ئەر - ئايال، ياش قېرىلارنىڭ تىللىرىدا داستان بولۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەلەي بىلەن سەئىدەنىڭ يېڭىچە ھاياتىدىن خەۋەر تاپقان ئىچى قوتۇر مىكبېشى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆلتۇرالماي قايتۇ. ئۇ يوق بەتنامدىن بىرنى توقۇپ، سەلەينى ۋە خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى دەرھال ئۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتارمەن - چاپارمەنلەر سەلەينىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي، بىر قاپاق خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى بىلەن مىكبېشىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. مىكبېشى ئۆزىدىن بىر ھەسسە چوڭ ياشتىكى سەلەينىڭ ياپ - ياش بىر يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يەردە تۇرغان قاپاقنى قولىغا ئېلىپ:

— خوش سەلەيجان، سەن راستىنلا مۇشۇ قاپاقتىكى سۇدىن ئىچىپ ياشىرىپ كەتكەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، باي ئاكا، بۇ ئاق بۇلاقنىڭ، كۆك بۇلاقنىڭ سۈيى ئەمەس، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دەپتۇ مىكبېشى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، — مانا بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى، بىباھادۇر قىممىتى. بۇ قاپاقتىكى سۇ — ئابى ھايات، زەمزەم سۈيى بولسا كېرەك. ھە سەلەي، ئەل ئاغزىدا: «قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ خاسىيەتلىك زەمزەم سۈيىگە پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئېغىز تەككۈزەي، ئۇلار بەختىڭلارنىڭ كۈلۈشىگە، بايلىغىڭلارنىڭ كۆپىيىشىگە، سەئىدە بىلەن ئىككىڭلارنىڭ پاخلاندەك بىر بالا كۆرۈشىڭلار ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ قويسۇن، قانداق دەيسەن؟

— باي ئاكا، ئەگەر دېگەنلىرىدەك بولسا مەيلى، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى يۇرت - خەلقىمىزگە ئىلتىپات قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي.

مىڭبېشى خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى بۇنداق ئوڭايلا قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— ئەتە پۈتۈن يۇرت خەلقى ساراي ئالدىغا يىغىلسۇن، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تەككۈزۈش مۇراسىمى بولىدۇ، ئەل - يۇرت شاتلانسۇن، پەرمان چىقىرىڭلار! — دەپتۇ.

مىڭبېشى سەلەينى يولغا سېلىۋېتىپ، بىر قاپاق خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، بۇ ئىشتىن خوتۇنىنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. خوتۇنى مىڭبېشىنى:

— هەي كالۋا! قاپاقتەك كاللاڭدا تىرىقچىلىق ئەقلىڭ يوقمۇ؟ بۇنداق ياخشى ئامەتنى قولدىن چىقىرىپ قويامسەن؟ ئۆزىمىزلا ئىچىۋالساق بولمامتى؟ هەي دۆت، هەي ساراڭ! — دەپ ئاغزى بېسىلماي تىللاپتۇ.

مىڭبېشى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغىنىغا گويا زەهەر يۇتۇۋالغاندەك پۇشايمان قىپتۇ.

— هېلىمۇ كېچىكمەيمىز، — دەپتۇ خوتۇنى مىڭبېشىنىڭ قولىدىن قاپاقنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇ قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچمەكچى بوپتۇ. مىڭبېشى «ئۇ ئىچىۋېلىپ، ياشىرىپ ئاشنا تاپماقچى» دەپ ئويلاپتۇ ۋە هاسىسى بىلەن خوتۇنىنى ئۇرۇپ هوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. قاپاقنى كۆتىرىپ سۈيىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئۇ: «خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى قانچە جىق ئىچسە شۇنچە ياشىرىپ، تېتىكلىشىدۇ، ياخشى ئاش ئىشىپ قالغىچە، يامان قوساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپ، قاپاقنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. بىر هازادىن كېيىن ئىزىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك بولۇپ، كۆزلىرى پۇرلىشىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى جامائەت مىڭبېشىنىڭ سارىيى ئالدىغا توپلىشىپتۇ. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مىڭبېشىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى سارايغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىپ مىكىيىشىنى كۆتۈپتۇ. كۈن چۈش بولغىچە مىكىيىشىدىن دېرەك يوقمىش. مىكىيىشىنىڭ بىر ئوغلى «مەن كىرىپ چىقاي» دەپ دادىسىنىڭ ھوجرىسىغا كىرسە، كارۋاتتا بىر بوۋاق «ئىڭە - ئىڭە» دەپ يىغلاپ ياتقۇدەك. ئاپىسى يەردە ھوشسىز ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مىكىيىشىنىڭ ئوغلى سارايغا چىقىپ كۆرگەن ئەھۋالنى سارايدىكىلەرگە مەلۇم قىلىپتۇ. مۆتىۋەرلەر ۋە مىكىيىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ھوجرىغا كىرىپ قارىسا، دىگەندەك، كارۋاتتا بىر بوۋاق ئىڭەلەپ ياتقۇدەكمىش. خان ئاچا بولسا ھوشسىز يەردە ياتقۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر بىر بىرىگە قاراپ ھەيران بوپتۇ.

مىكىيىشىنىڭ بىر بالىسى:

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار. ئاپام تۇغۇپتۇ، ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. ئاپامنى ھوشىغا كەلتۈرەيلى، — دەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن مىكىيىشىنىڭ خوتۇنى ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ كارۋاتتا ئىڭەلەپ ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ:

— ۋاي ئاللا، توۋا، كۆردۈڭلىمۇ باللىرىم داداڭلىنى، — دەپ يىغلاپتۇ، — مانا ئاچكۆزلۈكنىڭ جاجىسى!

مىكىيىشىنىڭ بالىلىرى بوۋاققا ئايلىنىپ قالغان دادىسىغا قاراپ:

— ئەمدى سىنى دادا دەيمىزمۇ، ئۇكا دەيمىزمۇ؟ — دەپ باشلىرىنى قاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىشىپتۇ.

سەلەي بىلەن سەئىدە ۋە پۈتۈن ئەل - جامائەت مىكىيىشىنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ بوۋاققا ئايلىنىپ قالغانلىغىنى ئاڭلىشىپ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. مىكىيىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ كۆڭۈل ئازاۋىغا چىدىماي، مىكىيىشىنى بىر كېچىدە بوغۇپ ئۆجۈقتۇرۇۋېتىپ، يۇرتنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپتۇ.

يۇرت خەلقى شۇندىن ئېتىۋارەن قىزىلكۆز مىكىيىشىدىن

قۇتۇلۇپ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئەل ئارىسىدا خاسىيەتلىك بۇلاقنى تەرىپلەپ مۇنداق قوشاق تارقىلىپتۇ.

خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ،
سۇلىرىنى ئىچسەك بىز.
قالتىس ئامەت كەلمەسمۇ،
ياشلىق چاققا كۆچسەك بىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇنىساگۇل ياسىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# قان بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن

بۇرۇنقى زاماندا ھېكىم دېگەن بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، كۈنى پېقىرلىقتا ئۆتدىكەن. ئۇ كۈنىگە جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «ھېكىم ئوتۇنچى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

بىر كۈنى ھېكىم ئوتۇنچى ئادىتى بويىچە جاڭگالغا بېرىپ قارىسا، شۇنچە كەڭ جاڭگالدا چوكا چاغلىق بىر نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئوتۇنچىغا بۇ ئىش بىر سىر بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر چۈچۈك بۇيىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇكى، چۈشىدە بىر كۆك كەپتەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەي ئىنسان، تۇر ئورنىڭدىن، كۈن چىقىش تەرەپكە ماڭ!» دەپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

ئوتۇنچى چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئېسىنى يىغىپتۇ - دە، چۈشىدىكى بىشارەت بويىچە كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا، ئاخىر بىر توپ چىنارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. ھېكىم ئوتۇنچى ئۇنىڭ سايىسىدە دېمىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ يېتىپ تۇرۇشىغا بىر لاچىن بىر كۆك كەپتەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. لاچىن بىر ئۆرلەپلا كەپتەرنى سوقۇۋېتىپتۇ. كەپتەر ھېكىم ئوتۇنچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ

ۋە كۆزنى بىر ئېچىپ زوۋانغا كەپتۇ:
— ئاھ! سۇ، سۇ! تەشنالىق مېنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئېلىپ
كەلدى. مەنغۇ مەيلى، لېكىن ئۇۋىدا قالغان ئىككى بالامنىڭ ھا-
لى نېچۇك؟ — دەپتۇ - دە، كۆزىنى يۇمۇپتۇ. ھېكىم ئوتۇنچى
ھېچ ئىككىلەنمەستىن بىلىدىكى پالتىنى ئېلىپ سول بىلىكىنى
كېسىپ، قېنىنى كەپتەرنىڭ ئاغزىغا ئېقىتىپتۇ. كەپتەر ھۇشىغا كې-
لىپ چىنار ئۇستىگە قاراپتۇ، ھېكىم ئوتۇنچىمۇ چىنار ئۇستىگە
قاراپتۇ. چىنار ئۇستىدە بىر ئۇۋا تۇرغان. ھېكىم ئوتۇنچى چىنار
ئۇستىگە چىقىپ قارىسا ئىككى باچكا بولۇپ، بىرى ئۆلگەن، يەنە
بىرى جان تالىشىۋاتقان ئىكەن. ھېكىم ئوتۇنچى تېخىچە توختى-
مىغان بىلىكىدىكى قاننى باچكىنىڭ ئاغزىغا تېمىتقان ئىكەن. ئۇ
تىرىلىپ قاپتۇ.
ھېكىم ئوتۇنچىنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقىدىن چەكسىز خۇ-
شاللانغان كەپتەر:
— كەل پۇتۇمغا ئېسىل، كۆزۈڭنى يۇم، — دەپتۇ - دە،
ئۇنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا كەپتەر:
— كۆزۈڭنى ئاچ، بۇنىڭدىن كۆتىرىشكىچە ئال، — دەپتۇ.
ئوتۇنچى كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئۆزىنى ئالتۇنتاغ ئۇستىدە
كۆرۈپتۇ. ئوتۇن يۇدۇگەندە دۈمبىسىگە سالىدىغان قاپقا لىق ئال-
تۇن قاچىلاپ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ، كەپتەرنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ
ئۇچۇپتۇ.
ھېكىم ئوتۇنچى كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ئۆيىنىڭ ئىشىكى
ئالدىدا كۆرۈپتۇ. ئۇ قاپنى يۇدۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتسا، باي-
نىڭ ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان غالچىسى قاپنى كۆرۈپ:
— ھەي ئوتۇنچى، يۇدۇۋالغىنىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
غالچىنىڭ يامان نىيىتىنى بىلگەن ھېكىم ئوتۇنچى سىرنى يوشۇ-
رۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئېھتىياتسىزلىقتىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جاڭگالدا ئوتتۇن تۆگەپ كېتىپتىكەن، شۇڭا تاغىرىمغا تىزەك تېرىپ كەلدىم. — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان غالچا:

— غەلىتە گەپ، جاڭگالدا ئوتتۇن تۆگەپ كەتكىنى نىمىسى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە تىزەك شۇنچىۋالا ئېغىر بولامدۇ؟ — دەپتۇ ـ دە، تاغاردىكى «تىزەك» تىن گۇمانلىنىپتۇ. ئاخىرى ھېكىم ئوتتۇنچىغا:

— ماڭ تاغىرىڭنى ئەكىرىپ قويۇپ، ئالۋاڭ ئۈچۈن بەش سەر ئالتۇن ئېلىپ چىق، — دەپتۇ ۋە ھېكىم ئوتتۇنچى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپتۇ. ھېكىم ئوتتۇنچىنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئېنىق كۆرگەن غالچا بېرىپ بايغا خەۋەر قىپتۇ. كۆزى قىزارغان باي شۇئانلا ھېكىم ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئات ساپتۇ ۋە ھېكىم ئوتتۇنچىنى چاقىرىپ:

— سەن مېنىڭ كىشى بىلمەيدىغان خەزىنەمنى ئوغرىلاپسەن! — دەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ھېكىم ئوتتۇنچىنى قانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇنىماي ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ، ئالتۇنلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

ھېكىم ئوتتۇنچى ھوشىغا كېلىپ قارىسا قاتتىق بوران چىقىۋاتقۇدەك، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ. ھېكىم ئوتتۇنچى: «تاغدا شۇنچىۋالا ئالتۇن نىمىش قىلىدۇ؟ بەلكى باينىڭ خەزىنىسى بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

ئايلارنى قوغلىشىپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئاخىر ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپتۇ. ھېكىم ئوتتۇنچىمۇ قېرىپ مۆكچىيىپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئادىتى بويىچە جاڭگالدا كېتىۋاتسا، ئالدىدا بىر قۇشنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولۇپتۇ. بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، بىر كۆك كەپتەر بېشىدا ئۇچۇپ تۇرۇپتۇ. ھېكىم ئوتتۇنچى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىشىغا، كەپتەر:

— بوۋاي، سەن يەنە ئوتتۇن تېرىپ نىمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— جان بېقشنڭ گويى، — دەپتۇ ئوتتۇنچى.
— ئون يىل بۇرۇنقى ئالتۇن قېنى؟ — دەپتۇ كەپتەر ئۇنىڭغا.
ھېكم ئوتتۇنچى بۇ كەپتەرنڭ ئۆزىنى ئالتۇن تاققا باشلاپ چىققان كەپتەر ئكەنلگنى تونۇپتۇ ۋە:
— ئۇنى باي تارتۋالدى، — دەپتۇ ئوتتۇنچى ۋە ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. بوۋاينڭ ھالىغا ئچ ئاغرتقان كەپتەر ئۇنىڭغا:
— ئارقاڭغا قارا! — دەپتۇ. ئوتتۇنچى ئارقسغا قارسا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئالدىغا قارسا كەپتەر يوق. لېكن ئاغزىدا بىر نوكچا ئالتۇننى چىشلەپ ياتقان ھېلىقى باينڭ ئۆلۈگى بەلەن ئۆزىنڭ قېپىدا لىق ئالتۇن تۇرغۇدەك.
ئككىنچى قېتىم خوشاللانغان ھېكم ئوتتۇنچى، باينڭ ئۆلۈگىگە قاراپ:
— بۇ مېنڭ ئالتۇنلىرىم بولغاچقا، سەن چايناپ يۇتالماپسەن، — دەپتۇ - دە. ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ باياشات، خوشال - خورام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: موسا ئەيسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

维吾尔民间故事选（7）（维吾尔文）

艾·沙吾提
努·木沙　收集整理

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　8印张
1985年7月第1版　1985年11月第1次印刷
印数：1——29,000

统一书号：M10098·955　定价：0.82元

**ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى (7)**

*

شنجاڭ خەلق نەشريياتى نەشر قلدى

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئازاتلىق كوچا №306)

شنجاڭ شنخۇا كتاپخانسدىن تارقتىلدى

شنجاڭ شنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8

1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

1985 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·955

تىراژى: 1 — 29,000

باھاسى: 0·62 يۈەن